# يول بۇ يەردە

شېھىد سەييىد قۇتۇب

تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. ئەزىزى

تارقاتقۇچى:
www·islamyoli·net

**كىتابخانلارغا!**

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى «يول بۇ يەردە» ناملىق بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ جانلىقلىقى ۋە رەڭدارلىقى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى بىلەن مۇسۇلمانلار دۇنياسى، جۈملىدىن ئەرەب دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئەرەب دۇنياسىدا باشلانغان يېڭى ئويغىنىش ھەرىكىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىتىپ بۇ ھەرىكەتنىڭ تېخىمۇ ساغلام، تېز تەرەققىي قىلىشىغا ۋە غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا مۇھىم ئاساس سالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇ كىتاب ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساسى ئۇسۇل (يول) بىلەن بۈگۈنكى 20 – ئەسىر، بەلكى 21 - ئەسىر دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن قانداق بىرلەشتۈرۈش، قايسى ئورۇندا بىرلىشىش ۋە قايسى ئورۇندا ئايرىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق، ئىخچام ۋە ئەمەلىي بولغان مەزمۇنلار بىلەن بىرگە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى ئايرىشمۇ بىر قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بىز مۇسۇلمانلار ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى ۋە يوقىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر ئىلاھىي بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ تۇرىدىغان مۇكەممەل بىر ئېسىل مەدەنىيەتكە ئىگە تۇرۇپ، ھېلىقى ئېتى چىرايلىق «ئېچىۋېتىش» شاماللىرىنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نۇرغۇن مىراسلار ھەتتا ئەقىدە كۆز قاراشلىرىغىچە ئېغىر يوقىلىش ۋە بىرلىشىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. بۇنىسى كۆز يۇمۇپ بولمايدىغان بىر رېئاللىق، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئەھمىيەت بېرىپ ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش روھى بويىچە تىزدىن ھەرىكەتكە كېلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

بۇ كىتابنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسى ئىنسان ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشقا، ئىنسانلار ھۆكۈمرانلىقىدىن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىلاھى قانۇنغا ئىتائەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ جەۋر - زۇلۇمىدىن ئىسلام ئادالىتىگە، قاراڭغۇلۇق

ۋە ئازغۇنلۇقتىن نۇر ۋە ھىدايەتكە، باتىلدىن ھەقىقەتكە، خۇلاسە: بارلىق ھۆكۈملەرنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ئىشىنىمىزكى بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ ئىلغار، قىممەتلىك مەزمۇنى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىشكە ياخشى تۈرتكە بولغۇسى ۋە ھاياتىي كۈچ قوشقۇسى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئەرەبچە بولۇپ، مىسىرلىق مەشھۇر ئىنقىلابچى، دىنى ئالىم سەييىد قۇتۇب تەرىپىدىن (تەخمىنەن 1965 - يىلى) مىسىردا يېزىلغان.

سەييىدە قۇتۇب 1906 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مىسىرنىڭ ئاسيۇت ناھىيىسى مۇشا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئانىسى شۇ ئەتراپتا ھەممە ئېتراپ قىلغان، نوپۇزلۇق ئايال ئىدى. ئانىسى ئۇقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، سەييىد قۇتۇب بۇنىڭ تۈرتكىسىدە بەكمۇ چېچەن، غەيرەتلىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە 10 ياش ۋاقتىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. سەييىد قۇتۇب بۇنىڭلىق بىلەن بۇشاشماستىن ئاتىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كۆپلىگەن جاپا - مۇشەققەتلەر ۋە رىيازەتلەرنى ئۇنىڭغا سەۋرى قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ ۋە مائارىپ نازارىتىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ ئوقۇش ۋە خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا دىنىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى چۇڭقۇر چۈشىنىپ ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ مۇستەھكەملىنىش بىلەن بىرگە داۋاملىق بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ نۇرغۇن ماقالە ۋە كىتابلارنى يازىدۇ. سەييىد قۇتۇب چوڭقۇر ئويلىنىش، سېلىشتۇرۇش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق تاجاۋۇزچى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدا يىلتىز تارتىپ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزانە ھەرىكەتلىرى بىلەن ھەقىقى ئىسلامپەرۋەر كىشىلەرنى قانلىق باستۇرۇشنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەپسۇسكى مۇسۇلمانلار ئىسلام روھىنى ئۇنتۇپ مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ مۇنقەرىز بولۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلار بۇنى چۈشەنمەستىن غەپلەت ئۇيقىسىدا يېتىۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار چىدىغۇسىز خورلىنىشن ئېزىلىشلەرگە، غەيرى دىندىكىلەر ياكى كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ كەمسىتىشكە، تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ئىناۋىتى ۋە خوجايىنلىق ئورنىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادىنىمۇ ئەركىن - ئازادە جارى قىلدۇرالمايۋاتقانلىقىنى چۇڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز قەلبىدە ھازىر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىردىنبىر زۆرۈر بولغان نەرسە، ئەقىدىسىنى ساپلاشتۇرۇش، ئەسلىگە قايتىش (قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىش)، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرلۈككە، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

سەييىد قۇتۇپ 1948 - يىلى 11 - ئايدا ئامېرىكىغا سەپەرگە چىقىپ ئامېرىكىدا ئىككى يىلغا يېقىن ساياھەتكە بولۇپ جەريانىدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى تېخىمۇ چۇڭقۇر چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. سەپەر جەريانىدا «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» ناملىق بىر كىتاب يازىدۇ. مىسرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» غا نۇرغۇن قىممەتلىك ۋە ئەمەلىي تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام تەشۋىقات تەرغىبات خىزمىتىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرقتە قانات يايدۇرۇپ ئىسلامنىڭ ھەقىقى

ماھىيتى، ئىنقىلابىي روھىي، تۇرمۇش شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇسۇلمانلارغا، دادىللىق بىلەن كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ.

سەييىد قۇتۇب ئۆز نۇتقىدا ئىبنىق قىلىپ «دۇنيا ئىككىلا مىللەت، (بىرى مۇسۇلمان يەنە بىر كاپىر) ئىككىلا چېگرا مەۋجۇت، مۇسۇلمانلار ھەممىسى قېرىنداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرقى ۋە تېررىتورىيە شەكلى ياكى ۋاستىسى ئارقىلىق بۆلۈۋېتىش، پارچىلاش ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدە كەچۈرگۈسىز ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا قارشى ئىش قىلغۇچىلار مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت يۈكسەك مەيداننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى مونوپول قىلىپ جاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ھوقۇقدارلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا شەرقلا ئەمەس غەرب ئەللىرىمۇ قاتتىق چۆچۈيدۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن قارشى كۈچلەر 1954 - يىلى ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. (مەن بۇ يەردە سەييىد قۇتۇبقا چىن قەلبىمدىن سەممى ئېھتىرام بىلدۈرىمەن) ئۇ تۈرمىدە بۇگۈنكى كۈندە كەڭ دەرسلىك قىلىنىۋاتقان ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇزلۇق كىتاب «قۇرئان سايىسىدا» دېگەن ئالەمشۇمۇل تەپسىرنى يېزىپ تاماملايدۇ. 1964 - يىلى 5 - يىللىق كەچۈرۈم بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

1965 - يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى دېگەندەك بىر قاتار ئەيىبلەشلەر بىلەن قايتا تۇتقۇن قىلىنىپ 1966 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ھۆكۈم دارغا ئېسىش ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ. «ئى ئاللاھ بارلىقىمىز سەن ئۈچۈن، ھەممىمىز ئاللاھنىڭ گۈزەل دەرگاھىغا قايتىمىز» (ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئورنىنى ئەڭ گۈزەل بولغان جەننەتۇل فىردەۋستە قىلسۇن ئامىن!) بۇ ياۋۇزلارچە شېھىد قىلىش دۇنيادىكى بارلىق ھەقىقەتپەرۋەر مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. مۇجاھىد، شەھىدۇل ئىسلام، ئۇستاز سەييىد قۇتۇب شېھىدلىك ماقامىغا ئېرىشىپ ئالەمدىن كەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ مەڭگۈ ھايات. ئۇنىڭ پارلاق ئىش ـ ئىزلىرى نۇر چېچىپ، كۆپلەپ ئىز باسارلارنى يېتىشتۈردى ۋە يېتىشتۈرمەكتە.

ئەسكەرتىش: بۇ كىتابنىڭ ئاپتۇر تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسمى «يول بەلگىسى» بولۇپ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى «يول بۇ يەردە» دەپ ئۆزگەرتىلدى. كىتابخانلارنىڭ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى سورايمەن.

ئا. ئەزىزى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

# يول بەلگىسى

ھازىر ئىنسانىيەت دۇنياسى بالايىئاپەت گىردابىغا بېرىپ ھەممە يەردە ئۇرۇش، ئېكسىپىلاتاتسىيە، ئەخلاقسىزلىق، ساختىپەزلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كېسەللىك كۆرۈنۈشلىرى، كېسەللىك ھالىتى بولۇپ، ھەرگىزمۇ كېسەللىكنىڭ مەنبەسى ياكى يىلتىزى ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبى دەل ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە ـ ئاڭ سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئادەملىكنىڭ پەسكەشلىشىپ، چۈشكۈنلىشىشى ۋە قىممەت قارشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدا.

ئىنسانىيەت تۇرمۇشى، پەقەت توغرا قىممەت قارشىنىڭ يېتەكلىشى، كونتروللىقىدا بولغاندىلا ئاندىن ساغلام تەرەققى قىلالايدۇ ۋە يۈكسىلەلەيدۇ. توغرا قىممەت قارشى پەقەت توغرا ئېتىقاددىن ھاسىل بولىدۇ. ئەمىلىيەتتە ھازىر ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارشىنىڭ توغرا بولماسلىقى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا بۇ دۇنيادا ياشاشتىكى مۇددىئانى بىلمىگەنلىكىدە، يەنە ئاللاھنىڭ بىز ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى ھىكمىتىنى چۈشەنمىگەنلىكىدە، كىشىلەر يۇقىرى ئىپادىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قالغاچقا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مەنىۋى نامراتلىق باش كۆتۈردى.

مانا بۇلار، ئوخشىمىغان نىقاب بىلەن ئۆزگە يول ئىزدەۋاتقان ئىنسانىيەتنى، ئۆزىدىكى مەنىۋى روھىيەت ئاجىزلىقلىرىنى سەزمەيدىغان، ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويالمايدىغان ۋە ئۇنى داۋالىيالمايدىغان پاسسىپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئىدىئولوگىيىسىدە يەنە بىر زور چېكىنىش بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە دۇنيادا ئېتىقاد كونترول قىلىنمىغان «دۆلەت ۋە تۈزۈم» ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەمىلىيەتتە بۇ تۈزۈم ئەسلى (تۇغما) ئىنسان تەبىئىتىدە ئېھتىياجلار بىلەن زىت ئىدى. بۇ تۈزۈم تارىخى ئېقىمدىكى ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىلا ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن چىرىندىلەردىن ئىبارەت ئىدى خالاس.

مۇشۇنداق ئۈستقۇرۇلما خاتا ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى ئاستىدا بەرپا قىلىنغان ئىقتىسادى بازىس ئىنسانلارغا ھەقىقىي بەخت يارىتالمىغانلىقى ئۈچۈن تەدرىجىي يىمىرىلىشكە باشلىدى. چۈنكى ئىنسانىيەت ئۆزلىرى تىكلىۋالغان ھاكىمىيىتىنىڭ، قۇرۇلۇش ئاساسى ۋە نەزەرىيە مەنبەئى ئىلاھى قانۇنغا زىت بولغاچقا ئىنسانلارغا ھەقىقىي بەخت يارىتىپ بېرەلمىدى. (يارىتىپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى). نەتىجىدە ئىنسانلار مۇنداق ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا بەختىيار ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىيالمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار جۈملىدىن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە ئىسلامى پىرىنسىپ بويىچە باشلامچىلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەتنىڭ بولۇشىنى ۋە بۇ ھاكىمىيەتكە توغرا رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىر رەھبەرلىكنىڭ بولۇشىنى تەتەززرالىق بىلەن كۈتمەكتە. چۈنكى ھۆكۈمرانلىق توغرا بولسىلا ئىنسانىيەتنىڭ بەختلىك بولۇشى ئوبېكتىپ قانۇنيەت، بىراق ئەمەلىيەت ئىنسانىيەت دۈچ

كىلىۋاتقان ھەرخىل ئەھۋاللار ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەت ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان بۇ كىرىزىسنى پەقەت ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تۇتقا قىلىپ قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا ئاندىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا ئىنسانلار ئاندىن ئىسلامى داغدام يولىدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. بۇنداق ھاكىمىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ۋە بۇ نەتىجە كەشپىياتلاردىن كېلىپ چىققان ماددى مەدەنىيەتنى ساقلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارغا خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ھاكىمىيەت تۇتقۇچى رەھبەرلىك، يۈكسەك سېستىمىلاشقان ئەملىيەتچانلىققا ئىگەن، مەنبەسى توغرا بولغان بىر نەزىرىيەنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ نەزىرىيە ئۇنىڭ نىشانى، يولى ۋە ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇرچىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بىز مۇشۇلارغا ئاساسلىنىپ، بۇ شەرتلەرنى پەقەت ئىلاھى قانۇنىيەتنى تۇتقا قىلغاندىلا ھازىرلىغىلى بولىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىز ۋە جاكارلاشقا ھەقلىقمىز.

ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلىشى كىشىلەرنىڭ ماددى تۇرمۇشىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن بولسىمۇ لېكىن ئىچىنارلىق شۇكى ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتىنى قۇپقۇرۇق قالدۇرۇش بىلەن بىرگە ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ رەزىللەشتۈرىۋەتتى. يېقىنقى ئەسىرلەردىن داۋام قىلغان مىللەتچىلىك، رايون ئۇرتاق گەۋدىسى، ئىقتىسادى ئىتتىپاق دېگەندەك نەرسىلەرمۇ كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتتى. مانا شۇنىڭغا ئەگىشىپ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكمۇ، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكمۇ يىمىرىلدى ۋە يىمىرىلىۋاتىدۇ. دەل مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق، گاڭگىراش ھەم ئاپەتنىڭ جىددى پەيتلىرىدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان دەۋرى يېتىپ كەلدى!

ئىسلام، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلگەنتى. چۈنكى ئاللاھ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە ئورۇنباسارلىقنى ئىنسانلارغا بۇرچ سۈپىتىدە يۈكلىگەن، ھەمدە ئىسلام ئۇنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ (بويسۇنۇشنىڭ) شەكىللىرىدىن بىرى ھەم ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن » دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. ئاللاھ «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى.] سۈرە بەقەر 30- ئايەت.

[جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم] سۈرە زارىيات 56- ئايەت.

[ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.] سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئاللاھنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى ئەۋەتىشتىكى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى.

[شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.] سۈرە بەقەرە 143- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھازىر بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قايتا گۈللىنىشىمىز تىرىشچانلىقىمىزغا جۈملىدىن مۇشۇ تىرىشچانلىقىمىزغا توغرا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بىر رەھبەرلىكنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج ۋە شۇنىڭغا باغلىقتۇر؟

ھەقىقەتەن ئىسلام ئۈممىتى ئىنسانىيەت ئىچىدىكى بىر نىشان، بىر يول، بىر خىل قاراشقا ئىگە كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر گەۋدە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېتىقاد ئىدىيە قارشى، ئاڭ سېزىمى، سىياسى تۈزۈمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام يولىدىن كەلگەن.

ئەپسۇسكى ئىسلام ئۈممىتى ئىسلام شەرىئىتىنى زېمىندا ئىجرا قىلماي تاشلىۋېتىش سەۋەبىدىن دۇنيادىن غايىپ بولۇشقا باشلىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا يەر شارىدىن يوقۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك ئىسلام دىنىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى باشقا ئىدىيە - ئاڭ ۋە سىياسى تۈزۈملەر ئالدى. نەتىجىدە غەربلىكلەر «ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت» ھاكىمىيەت تەرتىپلىرى ۋە «ماددى مەدەنىيەت» سېستىمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئىسلام دىنىغا زىت ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

بىراق ئىسلام دۇنياسى بۇ ساھەدە ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويغىنى يوق. ئەھۋال مۇشۇنداق خەتەرلىك بولسىمۇ بىز پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىرلىشىپ، بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنى قوزغاشقا پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بارلىقىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

بىز چوقۇم ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاتا ئىدىيە ئېڭىنى ئەخلەتلىرىنى، شارائىت، ۋەزىيەتنىڭ سەلبى تەسىرلىرى ۋە سىياسى تۈزۈملەرنىڭ تەسىرى كۆمۈپ تاشلىغان ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قايتىدىن تىكلەپ جانلاندۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئۇنداق تاشلاندۇق خۇراپى قاراشلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. گەرچە ئۇنداقلارنىڭ ئۆزىگە «ئىسلام ئەللىرى» دېگەن نامنى قويىۋالغان قانداق بىر جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

بىز ئىسلام شەرىئىتىنى تونۇغىنىمىز ئۈچۈن ئىسلام «ئۈممىتى» نىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش تارىخىنى ۋە شۇ چاغدىكى شارائىتنى ئەستايىدىل چۈشىنىپ ئىشەنچىمىزنى تونۇغۇشىمىز لازىم. ئەنە شۇ چاغدا بىز بۇ ئىنقىلابتا (ئاللاھنىڭ ياردىمىدە) چوقۇم غەلىبە قىلىمىز.

شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلام ئۈممىتى ھازىر ئىلىم ـ پەن كەشپىياتى جەھەتتە ئارقىدا قالغان بولسىمۇ بۇ ئۈممەتتە غەرب مەدەنىيىتى ھازىرلىيالمىغان بىر مەنىۋى ئەۋزەللىك بار. بۇ ئىسلام ئۈممىتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۈستۈنلۈك.

بۇ ھەرگىزمۇ ماددى مەدەنىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

ئىسلام دۇنيا قارىشىغا ئاساسلانغاندا بۇ «ماددى مەدەنىيەت» ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش دۇنياسى ئىسلاھ قىلىشتا بەلگىلىگەن چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەجبۇرىيەت ھەم ئۇ مەلۇم شارائىت ئاستىدا ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ بىر شەكىل ۋاستە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانلار زېمىندا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ.

مانا بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددى مەدەنىيەت ئىنسانلار ھاياتىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىر ـ بىرىنى تەقەززار قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىمىزكى ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئەنگۈشتەر پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتى ئەمەس، بەلكى بىر خىل (توغرا بولغان) ئېتىقاد ۋە شۇ ئېتىقاد يېتەكچىلىكىدىكى تۇرمۇش يولىدۇر (ئۇسۇلىدۇر).

مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ئېتىقادنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە غەرب ماددى ـ مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئىسلامى تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم.

ھازىرقى دۇنيادا تۇرمۇش تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تەركىپلىرى ئاساسلىنىدىغان پرىنسىپتىن سۆز ئاچساق، دۇنيانىڭ بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن جاھىلىيەت ۋە قەلەندەرچىلىك ھالەتتە قالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ ئەۋزەل تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ۋە يۈكسەك ماددى مەدەنىيەت ئۇنىڭ بۇ مەنىۋى قەلەندەرلىكىنى ئازراقمۇ ئازايتالىغىنى يوق.

بۇ خىل جاھىلىيەت ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا، بولۇپمۇ ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىگە يەنە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا تاجاۋۇز قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان، دەل بۇ جاھىلىيەت ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىنسانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى بىر قىسىم كىشىلەرگە ھۆكۈمران قىلىپ قويىدى. بۇ ھەرگىزمۇ گۈدەك ھالدا ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە، ئاڭ، سېزىم، قىممەت قارىشى، سىياسى تۈزۈلمە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قانۇن ـ تۈزۈم قاتارلىقلارنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى جاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن تۇرمۇش يولىنى كۆرمىگەنگە، بىلمىگەنگە سالىدۇ. بۇ خىل ئاللاھنىڭ

ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش ئاللاھنىڭ ھوقۇقىنى خالىغانچە يۇرگۈزۈشنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ كوللىكتىۋىزىملىق تۈزۈم ئاستىدىكى ئۇچرىغان ھاقارەتلىرى، شەخسى كاپىتالىستىنىڭ ۋە پۇلنىڭ ئىزىشى ئاستىدا ئۇچرىغان زىيانكەشلىكلىرى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ كاپىتالىزىم تۈزۈمى ئاستىدىكى ئۇچرىغان ۋەھشىيانە مۇستەملىكچىلىك، شۇنىڭدەك ئىنسانى قەدىر ـ قىممىتىنىڭ دەپسەندە بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتى.

ئىسلام يولى بۇ جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، چۈنكى ئىنسانىيەت ئىسلامدىن تاشقىرى بارلىق تۈزۈمدە ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئۆزىگە ئوخشاشلارغا (ئوخشاش تۈردىكىلەرگە) ئىبادەت قىلىدۇ (بويسۇنىدۇ) پەقەت ئىسلام يولىلا ئىنسانىيەتنى بۇ خىل خەتەرلىك ئاپەت يولىدىن قۇتقۇزۇپ ئۇلارنى پەقەت بىردىنبىر بويسۇندۇرغۇچى ئاللاھقا بويسۇنۇشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

بۇ يول دەل مانا مۇشۇ يەردە!!!

بۇ، دەل بىزنىڭ ئىنسانلارغا بېرەلەيدىغان يېڭى شەكىلدىكى ئىسلام دۇنيا قارشى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىغا زور ھەل قىلغۇچى تەسىر كۆرستەلەيدىغان جەۋھەرلەردۇر. مانا بۇ ھازىرقى ئىنسانلاردا يوق بولغان بەلكى ئىسلامدىلا بار بولغان ئالاھىدىلىكتۇر. چۈنكى ئۇ غەرب مەدىنىيتىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ھەم ئىلىم ـ پەننىڭ ئىجادىيتىمۇ ئەمەس. بۇ نۇقتا (ئىسلامچە پائالىيەت) مەيلى غەرپ، مەيلى شەرق بولسۇن ھېچقايسىدە يوق.

شۈبھىسىزكى بىز ھەقىقەتەن يېڭى ۋە مۇكەممەل ئەنگۈشتەرگە ئىگىمىز. بۇنى ھەرگىزمۇ ئىنسانلار ئىجات قىلالمايدۇ ۋە يارىتالمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك بۇ ئەنگۈشتەر چوقۇم ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا گەۋدىلىنىشى ھەم ئۈممەتنىڭ تۇرمۇشىدا ئەمەلىلىشى لازىم. بۇ، ئىسلامنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنى قوزغاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋۇجۇتقا كېلىدىغىنى (مەيلى تارىخى قانچە ئۇزۇن، مۇساپىسى يىراق بولسۇن) رەھبەرلىكنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى.

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بۇ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىغلى بولىدۇ؟ ئاۋال مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە ئاۋانگارتلارنى قۇرۇش لازىم. ئۇلار بۇ جاپالىق يولدا ئىلگىرىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن جاھىلىيەتتىن قول ئۈزىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن جاھىلىيەت بايراقلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ، (بۇ خىل مۇناسىۋەتنى جاھىلىيەتچىلەرنىڭ ئىسلامغا قىلغان مۇئامىلىسى بەلگىلەيدۇ) بۇ ئاۋانگارتلارنىڭ قۇرۇلۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ بۇرچىنى، ۋەزىپىسىنى، ماھىيىتىنى، كۈرەش نىشانىنى ھەم بۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئېنىق كۆرستىپ بېرىدىغان بىر يول بەلگىسى بولۇش لازىم. ھەم ئۆزىنىڭ بۇ زېمىنىنى قاپلىغان جاھىلىيەتكە تۇتىدىغان مەيدانىنى ئېنىق چۈشىنىش يەنى جاھىلىيەتنىڭ ئىپادىلىرى ۋە

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى نېمە؟ بۇ جاھالەتچىلەرگە ئىسلامنى قانداق تەشۋىق قىلىش كېرەك؟ نېمىگە ئاساسلىنىپ تەشۋىق قىلىش كېرەك؟ قانداق بىرلىشىش كېرەك؟ قەيەردە بىرلىشىمىز؟ قەيەردە ئايرىلىمىز؟ بۇ ئۇرۇن سەپەردە قەيەردىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. دېگەنلەرنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەك.

بۇ يول بەلگىسىنى تىكلەشتە پەقەت قۇرئاننى بىرىنچى مەنبە قىلىشقا ھەم پەقەت ئاللاھ تاللىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ ساپ قەلبىدىن ئىدىيە ۋە روھى ئوزۇق قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ زېمىندا مۆجىزىلەرنى يارىتىشنى ۋە تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ئۆزگەرتىشنى خالىدى.

مەن تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن، تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتكىلى ئۇزۇن بولغان چىقىش ئالدىدىكى بۇ جەڭگىۋار ئەترەتكە بۇ «يولىيورۇق» نى تەييارلىدىم. بۇ، مەن ئوخشىمىغان مەزگىللەردە قانداق قىلغاندا زېمىندا يەنە ئىسلام بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇ ئىسلام يولىدا تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىش، باش قاتۇرۇش ۋە ئەسلەشتىن تۇغۇلغان ئىلھاملىرىمدىن ئىبارەت. گەرچە بۇ كىتابنىڭ ھەرقايسى بابلىرىنىڭ مەزمۇنى ئوخشىمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يولىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان يول بەلگىسى، خۇددى بارلىق يوللاردىكى يول بەلگىلىرىگە ئوخشاش! ئۇ مۇشۇ يول بەلگىلىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن تۇنجى قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى يىغىنچاقلىغان.

ئاللاھ مېنى يول بەلگىسى بىلەن يېتەكلىگەندە مەن ھەمىشە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئۆزۈلمەي مۇشۇ يول بەلگىسى بويىچە مېڭىشنى ھەقىقەتەن ئۈمىت قىلىمەن! بارلىق شان ـ شەرەپ ئاللاھقا خاستۇر!!!

## قۇرئان سايىسى ئاستىدىكى تۇنجى قەھرىمان ئەۋلادلار

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىسلام تارقاتقۇچىلار مەيلى قايسى زامان مەيلى قايسى ماكاندا بولسۇن، ئىسلام بارلىققا كەلگەن دەۋرلەردىكى تارىخىي شارائىتقا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە، چوڭقۇر ئىنكاسقا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ تارىخىي شارائىت ئىسلامنىڭ تارقىلىش يولى ۋە يۆنىلىشكە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئىسلامنىڭ بىر تۈركۈم ئىلغان ئەۋلادلارنى، يەنى ساھابىلەرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىقاردى. بۇلار پەقەت ئىسلام تارىخىدىلا تەڭداشسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يەنە بىر ئەۋلاد مەيدانغا چىقىپ باققىنى يوق! توغرا ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ئۇلاردەك قەھرىمانلارمۇ ئۆتكەن. بىراق ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر يەردە، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدەك ئۇنداق نۇرغۇن كىشىلەردىن تەركىب تاپمىغان. (يەنى ئۇلارنىڭ سانى تۇرۇۋاتقان رايوندىكى كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلالمىغان).

مانا بۇ پولاتتەك تارىخىي پاكىت! ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزنىڭ ئۇبدانراق پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. شۇندىلا بۇنداق بولۇشنىڭ سىرىنى ئاچالىشىمىز مۇمكىن.

ئىسلام ئاساسلىنىدىغان قۇرئان. ھەدىس، سۈننەتلەر بىزدە بار، ساھابىلەرمۇ شۇنى يېتەكچى قىلغىنىدەك بىزمۇ يېتەكچى قىلىۋاتىمىز، ئوخشمايدىغىنى پەقەت پەيغەمبەرنىڭ ھازىر بىزنىڭ ئارىمىزدا يوقلىقى، مانا شۇندىن بۇيان ھازىرغىچە شۇلاردەك كىشىلەر مەيدانغا كەلمىدى. ئەجەبا پەيغەمبەرنىڭ ۋاپات بولۇشى بىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ؟

ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ ھەرگىزمۇ ئىسلامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈكلىمىگەن ھەم ئۇنى ئادەم تاكى ۋاپات بولغۇچە قەتئىي ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچ قىلمىغان بولاتتى. ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق بەختىنى ئىسلامغا تاپشۇرمىغان بولاتتى!! بىراق ئاللاھ قۇرئاننى ئۆزىنىڭ ساقلايدىغانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە ئاللاھ پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئىسلامنىڭ يەنە زور نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ، پەيغەمبىرىمىز 23 يىللىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. بىراق ئىسلامنى يەنىلا ئىنسانلارغا قالدۇردى. (تاكى قىيامەتكىچە) شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىشى ھەرگىزمۇ بۇ ھادىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھەم بۇمۇ ئاقىلانە تەھلىل ئەمەس.

ئۇنداقتا بىز باشقا بىر سەۋەبنى ئىزدەپ باقايلى، ساھابىلەر سۇ ئىچكەن بۇلاقتىن بىز ئىچەلىگەن بولىشىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ماڭغان يولدىن ماڭالمىغان بولىشىمىز مۇمكىن. ساھابىلەر سۇ ئىچكەن بۇلاق دەل قۇرئاندۇر. ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتى ۋە يېتەكچىلىكى بۇ بۇلاقنىڭ نۇرغۇن تارماق ئېقىنلىرىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) دىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىدىن سورىغاندا ئۇ (ئۇنىڭ ئەخلاقى «قۇرئان» دېگەن) ھەقىقەتەن قۇرئان ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ھەرگىزمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، پەلسەپە ھەم پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ يوقلىقىدىن ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا رۇمنىڭ پەن ـ تەتقىقات ئەسكەرلىرى ۋە سىياسى تۈزۈملىرى بار ئىدى. ئۇندىن باشقا يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مىراسلىرى، لوگىكا، پەلسەپىلىرى بار ئىدى. (ئۇ ھازىرغىچە غەربلىكلەر ئىدىيىسىنىڭ مەنبىئى) يەنە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تۈزۈملىرىن دىنى قائىدىلىرى، سەنئەت، رىۋايەت، ئەپسانىلىرى، شېئىرلىرى، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا رۇملار ۋە پارىسلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنى قورشاپ تۇراتتى. ھەمدە يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەركىزى رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

مانا بۇلاردىن دەسلەپكى باسقۇچتا، ئىسلامنىڭ تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا مەركەزلەشتۈرىۋالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادا بىرەر خىل مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىرداسى ۋە مېھرىبانلىقىدىندۇر. بۇ نوقتا ئەينى ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ تەۋراتنىڭ بىر

ۋارىقىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاچچىقلىغان ۋەقەدە رۇشەن كۆرۈنىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسا ھازىر ئاراڭلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئۇمۇ ماڭا ئەگىشەتتى» دېگەن.

ھەقىقەتەنمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى باسقۇچتا مەقسەتلىك ھالدا، ساھابىلەرنىڭ مەنىۋى ئوزۇق مەنبەسىنى قۇرئانغىلا مەركەزلەشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنى قۇرئانغىلا قويۇۋەتكەن، پەقەت قۇرئاننىلا ئۇلارنىڭ توغرا مېڭىشتىكى ئاساسى پروگرامما قىلغان، مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆمەرگە باشقا بىر مەنبەدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندا ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبى.

رەسۇلۇللاھ، قەلبى ساپ، ئەقلى جايىدا، ئىدىيىسى توغرا جىسمانىيىتىمۇ پاك بولغان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تاۋلاپ چىققان، ئۇلار نۇرلۇق قۇرئاندىن ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىدىن باشقا ھەممە تەسىرلەردىن ئايرىلغان ئىدى.

قۇرئان قەلبىگە سىڭگەن ئاشۇ ئەۋلاد تارىختا ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز نەتىجىلەرنى ياراتقان، بىراق، كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ بۇ پاك بۇلاق بۇلغىنىۋېتىلىدى، كېيىنكى دەۋردە كىشىلەر بۇ روھىي ئوزۇق ئالىدىغان بۇلاققا، يۇنان پەلسەپە لوگىكىلىرىنى، پارس رىۋايەت ئەپسانىلىرىنى، يەھۇدىي دىنىنىڭ رىۋايەتلىرى، خىرىستىيان دىنى شەكىللىرى، ئىلاھلىق ئىلمىنى ۋە باشقا مەدەنىيەت چىرىندىلىرىنى قۇرئاننىڭ تەپسىرىگە، ئاللاھنى تونۇش ئىلمىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرىئەت ئىلمى ۋە مەدەنىيەت ئەقىدە ئىلمىگە سىڭدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى دەۋردە مۇسۇلمانلار بۇ بۇلغانغان بۇلاقتىن سۇ ئىچكەچكە، ئەينى ۋاقىتتىكى قەھرىمانلار، جۇشقۇن، جانلىق مەنزىرە قايتا مەيدانغا كەلمىدى، ئېنىقكى بۇ بۇلاقنىڭ (قۇرئاننىڭ) بۇلغىنىشى بۇ ئىككى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ شۇنچە زور پەرقلىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى!

بۇ سەۋەبتىن باشقا، ساھابىلەرنىڭ قۇرئاننى ئوقۇشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىزنىڭچۇ؟

ھەقىقەتەنمۇ ساھابىلەرنىڭ قۇرئاننى ئوقۇشى ئۇنى بىر خىل مەدەنىيەت دەپ قارىغانلىقتىن، ياكى زوقلىنىش، بەھرىمەن بولۇش دېگەندەك مۇددىئادىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچقايسىسى قۇرئانى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش ياكى دىنى جەھەتتىن بىلىم تولۇقلاش ئۈچۈن ئوقۇمايتتى. بەلكى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىش ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان گەۋدىدىكى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقلارنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە شۇ ئۆزى ياشاۋاتقان كوللېكتىپنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتمىلەرنى قوبۇل قىلىپ، خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىدەك بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ئۆز تۇرمۇشىدا تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرەتتى. چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئاللاھنىڭ مۇقەددەس بۇيرۇقى، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىز دەپ بىلەتتى.

ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئۇلار ھەر كۈنى 10 ئايەت تەلىم ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئېسىدە قالدۇراتتى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرەتتى. بۇلار قۇرئاننىڭ ئەمەلىي كۆرسەتمىلىرى ۋە ئىپادىلىرى ئىدى.

مانا بۇ خىل روھ، بۇ خىل ئېتىقاد قۇرئاننى ئۆزىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوبۇل قىلىدىغان روھ ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ۋە ھەرخىل بىلىملەرنىڭ خەزىنىسىنى ئېچىپ بەردى. ئەگەر ئۇلار تەتقىقاتنى ئۆگىنىپ قويۇشقا، ئوقۇپ بېقىشقا قاراتقان بولسا، بۇ بىلىملەر خەزىنىسى ئۇلارغا ئىشىكنى ئاچمىغان بولاتتى. دېمەك بۇ خىل روھ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلاشتۇرۇپ، يۈكنى ئېغىردىن يېنىكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن بىر گەۋدە بىر تەن، بىر جان قىلىۋەتكەن ئىدى. ھەمدە قۇرئان ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئېرىتىپ قۇيۇۋېتىلگەن، ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى يازغۇچىلارنىڭ، پەلسەپىچىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «جانلىق» رومانتىك يولغا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي توغرا ئىلاھى قانۇنىيەتكە ماس، جۇشقۇن تۇرمۇشقا تۇتاشتۇرغان ئىدى.

بۇ قۇرئان ئۆزىنىڭ بىلىم خەزىنىسىنى، ئۆز بىلىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلارغا ئەمەس، بەلكى بىز يۇقىرىدا دېگەن روھ بىلەن ئوقۇيدىغانلارغا ئاچىدۇ. بۇ قۇرئان ھەرگىزمۇ تارىخىي ئەسەر، ئەدەبىي ئەسەر، سەنئەت، ھېكايە كىتاب سۈپىتىدە چۈشۈرۈلمىگەن، ئەگەر بۇ مەزمۇنلار قۇرئاندا بارغۇ دېيىلسە، بۇ پۈتۈنلەي تۇرمۇش يولى سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ تۇرمۇش يولىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى نازىل قىلغان.

[قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق.] سۈرە ئىسرا 106 ـ ئايەت.

قۇرئان، بىر قېتىمدىلا چۈشكەن ئەمەس، ئۇ ئىش ۋە ۋاقىتنىڭ توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرغاندىكى ئېھتىياجى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىشىغا، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىگە، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ رېئاللىقتا ئۇچرىغان ئەمەلىي مەسىلىرىگە ئاساسەن تەدرىجىي نازىل قىلىنغان. شۇ ۋاقىتتا نازىل قىلىنغان ئايەتلەر ئەمەلىي مەسىلە ۋە بەلگۈلۈك ۋەقەلەرگە قارىتىلغان، ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدۈرگەن. ھەم يەنە بەلگۈلۈك جەمئىيەتتىكى خىزمەت يۆنىلىشىنى، ۋەزىپىسىنى بەلگۈلىگەن. ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ ھەرىكەتلىرىدىكى خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەن. ھەم ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى بىردىنبىر ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنى ئەڭ ئالىي پادىشاھ بولغان ئاللاھنىڭ پەرۋىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى بۇ توغرا، مۇقەددەس يولغا كىرگۈزگەن. ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئەۋلادنى مۇشۇنداق يېتىشتۈرۈپ چىققىنى قۇرئاننىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىشى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشىدا خىزمەتلىرىدا ئىجرا قىلىشتۇر. ئۇلاردىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى (ناچار ئەھۋال) كەلتۈرۈپ چىقارغىنى قۇرئاننى تەتقىق قىلىش ۋە زوقلىنىش بولدى. شۈبھىسىزكى بۇ بولسا ساھابىلەرنى كېيىنكى بىر ئەۋلاد (دەۋر) مۇسۇلمانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىككىنچى سەۋەبتۇر.

ئۇندىن باشقا يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ۋە سۆزلەشە ئەرزىيدىغان ئۈچىنچى سەۋەبمۇ ئۇ چاغلاردا بىرەرسى ئىسلامغا كىرسە دەرھال جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بارلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ،

پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىسلامى تۈرمۇش شەكلى بىلەن يېپ - يېڭى بىر مۇساپىگە قەدەم قويىاتتى. جاھىلىيەتچە تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزەتتى، ھەم ئۇلارنى ئىسلام بىلەن قەتئىي چىقىشالمايدىغان رەزىل ۋە يىرگىنىشلىك نەرسە دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ قايتا تۇرمۇشغا كىرىۋېلىشتىن ئىنتايىن ھۇشيار تۇراتتى. گەرچە ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇنىڭغا پىششىق تونۇشلۇق بولغان تەقدىردىمۇ مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ئىسلامنىڭ يېڭىچە كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشەتتى. ئۇنىڭ نەپسى ئۇنى يېڭىۋالغىنىدا، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ئۇنى جەلب قىلىۋالغاندا، ھەم ئىسلام مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالمىغاندا دەرھال ئۆزىنىڭ خاتالىق سادىر قىلغىنىنى ھېس قىلىپ ئىچ - ئىچىدىن توۋا قىلىپ ئازابلىنىپ كېتەتتى. ھەمدە قايتىدىن ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى قۇرئان يېتەكچىلىكى بىلەن بىردەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالدا غايەت زور ئىدىيە ئوخشاشماسلىقى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۈزۈل - كېسىل چېگرا ئايرىيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا نادانلىق، جاھىلىيەتتىن پاكلانغان ھالدا ئىسلام قوينىغا كىرەتتى. ئاۋالقىدەكلا كۆپ ئىلاھلىق مۇرتلىرى بىلەن سودا، كۈندىلىك ئالاقىلىرىنى قىلىشاتتى، چۈنكى ئىدىيەدىكى ئايرىلىش باشقا ئىش، كۈندىلىك مۇناسىۋەت، بېرىش - كېلىش قىلىش ئايرىم ئىش. ئۇ جاھىلىيەت مۇھىتىدىن يەنى ئۇنىڭ (جاھىلىيەتنىڭ) ئەنئەنە ۋە ئېڭى، ئادەت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ چىقىدۇ. دەل بۇ خىل ئايرىلىش ئۇنى مۇشۇ ئېتىقادىدىن بىر ئىلاھلىق ئېتىقادىغا، جاھالەتچە دۇنيا قاراشتىن ئىسلامچە قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەم شۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ. ئۆزىنىڭ ساداقىتى، قۇلچىلىقى ۋە ئەگىششىنى مۇشۇ جەمئىيەتكە، مۇشۇ رەھبەرلىككە ئاتىۋېتىدۇ. تۆت كوچا ئېغىزى دەل مۇشۇ يەردە!!!... شانلىق يېڭى مۇساپە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ ئۇ ئاللىقاچان جاھىلىيەتنىڭ ئۇنىڭغا تاڭغان ئەنئەنىۋى ئاسارىتىنىڭ ئېغىر بېسىمىدىن، بارلىق ئىدىيە، ئاڭ (جاھالەتچە) قىممەت قارىشىنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا، ئەركىن خوشال ھالدا بۇ يېڭى مۇساپىگە قەدەم قويۇشقا، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىرادە تىكلەپ بولغان، گەرچە ئۇنىڭ ئۇچرىغىنى زىيانكەشلىك ۋە بېسىم بولسىمۇ بىراق جاھالەتچە ئىدىيە ۋە ئەنئەنىۋى كۈچلەر ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئامالسىز.

بۈگۈن بىزمۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرى دۇچ كەلگىنىدەك ھەم ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ پەرقلەنمەيدىغان ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ زۇلمەتلىك جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسە جاھالەت، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئاڭ - سېزىمى، دۇنيا قارىشى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيەت مەنبەئى، ئەدەبىيات - سەنئەت، قانۇن - تۈزۈم ھەتتا شەكلى ئۆزگەرگەن «ئىسلام مەدىنىيتى»، «ئىسلام ماتىرىيالى»، «ئىسلام پەلسەپەسى»، «ئىسلام دۆلتى»، «ئىسلام ئىدىيىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جاھالەتنىڭ ئۈندۈرمىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنيا قارىشى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مۇستەھكەم بولالمىدى. ھەم ئىسلام دىنىنىڭ

ھەقىقەتنى ھەققىدىمۇ ئىنىق، توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىدۇق. شۇڭا تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار (قەھرىمانلار) ئارىمىزدا يەنە بىر قېتىم مەيدانغا كەلمىدى.

ئۇنداقتا ئىسلام ھەرىكەت يولىدا ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش باسقۇچىدىن ۋە شەكىللىنىش مەرگىللىرىدىن چوقۇم بىز يۆلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان جاھىلىيەتنىڭ ناچار تەسىرلىرىنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك. ئاۋۋال بىز پاك بۇلاققا قايتىشىمىز كېرەك. بۇ ھېلىقى تۇنجى ئەۋلاد قەھرىمانلار روھى ئوزۇق ئالغان بۇلاق!

ئاللاھ بۇ بۇلاقنى ئۆزى قوغداۋاتىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بۇلغانمىدى ۋە بۇرمىلانمىدى، بىز بۇ بۇلاققا قايتىساقلا ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىنى توغرىلىيالايمىز. ھەم كائىنات مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ بارلىق مۇناسىۋىتىنى ھەم بۇ ئىككىسى بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان بىزنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشىمىز، قىممەت قارىشىمىز، ئىتىنىك ئەخلاق قارىشىمىز ۋە شۇنىڭدەك بىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، قانۇن ـ تۈزۈم قاتارلىقلارغا سىڭىپ كىرىدۇ.

بىز بۇلاققا (مەنبەگە) قايتىقىنىمىزدا چوقۇم بۇ قۇرئاننى ئەمىلىلەشتۈرەلىگىدەك روھ ھازىرلىشىمىز، ھەرگىزمۇ تەتقىق قىلىش، زوقلىنىش، قىزىقىشنى مەقسەت قىلماسلىقىمىز لازىم. بىز دائىم قۇرئان بىزنى زادى قانداق كىشىلەرگە ئايلاندۇرماقچى؟ دېگەننى چۈشىنىشىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن دەرھال ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ بۇلاققا قايتىش جەريانىدا بىز قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئاجايىپ بەدىئىلىكى، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ قىسسەلىرى، ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىۋېتىدىغان ئەجەل ئالدىدىكى مەنزىرە، ھەمدە يەنە قۇرئاننىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىتىكى ئىنسان تەبىئىتى، پەلسەپىسى، شۇنىڭدەك باشقا تەتقىقاتچى، قىزىققۇچىلار ئىنتىلگەن ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيمىز. بىراق بىز ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ باش نىشانى قىلىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ باش نىشانىمىز قۇرئان بىزنى زادى نېمە ئىشقا بويرۇيدۇ؟ قۇرئان بىزگە تونۇۋېلىشنى تەقەززار قىلغان دۇنيا قاراش قايسى؟ قۇرئان بىزنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ئۇ تەلەپ قىلغان ئىتىنىڭ ئەخلاق، سىياسىي تۈزۈم، تۇرمۇش سېستىمىسى دېگەنلەر زادى قانداق؟ دېگەنلەرنى ئېنىقلاپ ئەمىلىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن بىز جاھىلىيەت جەمىيىتىنىڭ ئېغىر بېسىمىدىن قۇتۇلۇشىمىز، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى جاھالەتچە دۇنيا قارشتىن، جاھالەتچە ئەنئەنىۋى ئادەتلەردىن ۋە جاھالەت رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ چىقىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەرگىزمۇ جاھىلىيەت بىلەن مۇرەسسەلىشىش ياكى بويسۇنۇش ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇ خىل جاھالەتچىلىكى بىزنى ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلىششكە ئامالسىز قالدۇرىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى، ئاندىن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش.

بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز، بۇ خىل جەمئىيەت ھالىتىنى ئۆزگەرتىش، بۇ خىل جاھالەتچە ھالەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشىمىز لازىم. بۇ خىل ھالەت، ئىسلامىيەتچە تۇرمۇش يولى، ئىسلام

دۇنيا قارىشى دېگەنلەر بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدۇ. چۈنكى بۇ جاھالەت بېسىم - زورلۇق ۋاستىسى بىلەن بىزنىڭ ئىسلامچە ياشاش ھوقۇقىمىزنى ۋە ئەركىنلىكىمىزنى تارتىۋالىدۇ.

بىزنىڭ بۇ تارىخ مۇساپىسىدىكى 1- قەدىمىمىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل جاھالەت جەمىيىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قىممەت قارشى، دۇنيا قارىشىنىڭ سىرتىدا قويۇشىمىزدۇر. بىز ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا مۇرەسسەلىشىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل قىممەت قارشى ۋە دۇنيا قارىشىمىزغا قىلچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىمىزگە قەتئىي بولمايدۇ. بىز ئۇلار بىلەن قەتئىي ئوخشاشمايمىز. شۇڭا قەتئىي ئايرىلىشىمىز لازىم. چۈنكى بىز ھەر قېتىم ئۇلار بىلەن قەدەمنى ئورتاق باسقاندا ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش يولىنى يوقىتىپ قويىمىز، ھەم تويۇق يولغا كىرىپ قالىمىز.

بىز بۇ يولدا ئەزىيەتلەرگە، جاپا - مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايمىز ھەم بۇ يولدا نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەيمىز. زور قۇربانلارنى بېرىمىز. بىز پەقەت تۇنجى ئەۋلاد قەھرىمانلارنىڭ يولىدىن مېڭىشنى ئويلىساق، بىزنىڭ يەنە بىر ئەركىن تاللىشىمىز بولمايدۇ. ئاللاھ ئۇلار (ساھابىلەر) بىلەن بۇ تۇرمۇش يولىنى زېمىندا ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئۇلار بىلەن جاھىلىيەت ئۇستىدىن غەلىبە قىلغان.

بىز ھەمىشە تۇرمۇش يولىمىزنىڭ نىشانىغا، مەيدانىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، يولىمىزنىڭ ماھىيىتىگە سەگەك بولۇشىمىز لازىم. بۇ يولدا تەۋرەنمەي مۇستەھكەم ماڭالىساقلا چوقۇم تۇنجى ئەۋلاد تەگداشسىز قەھرىمانلاردەك، جاھالەت قوينىدىن يورقلۇقا چىقالايمىز.

## قۇرئان كۆرسەتكەن يول ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى

قۇرئاننىڭ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرى رەسۇلۇللاھغا توپ - توغرا 13 يىلدا چۈشۈرۈلگەن تەكتىلىگىنى، كۆرسەتكىنى بىرلا نوقتا - تېما بولدى. گەرچە بايان قىلىش ئۇسۇلى دېگەندەك تەكرارلانغان بولسىمۇ بۇ تېما باشتىن - ئاخىرى ئۆزگەرمىدى. قۇرئاننىڭ ئەدەبى ئۇسلۇبى ھەر قېتىملىق بايانغا يېڭىچە شەكىل كىرگۈزەتتى. خۇددى بۇ نوقتىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

قۇرئان، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇھىم مەسىلىنى شۇنداقلا بۇ دىندىكى ئەڭ ئاساسلىق يادرولۇق مەسىلە - ئېتىقاد (ئىمان) مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. بۇنىڭ باش پىرىنسىپى ئىلاھلىق بىلەن بەندىلىك مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

قۇرئان ئىنسانىيەتكە ھەقىقەتنى جاكارلىماقتا. بارلىق ئادەملەر بىر كاتوگورىيىگە كىرىدۇ. ئەينى دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ۋە باشقا ھەرقانداق دەۋرىدىكى ئەرەبلەر خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرى بۇ كاتوگورىيىگە كىرگەندەك بۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. يەنى بەندىلىك كاتوگورىيىگە كىرىدۇ.

ئېتىقاد، ھەقىقەتەنمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىسى، بۇنىڭدا ھەرقانداق دەۋر ۋە زاماندا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ كائىناتتىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

ئاقىۋىتى مەسىلىسى. ئىنسانىيەت ۋە كائىنات، ئىنسانىيەت ۋە باشقا جانلىقلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەت ۋە كائىنات ھەم بارلىق جانلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلە ھەرگىزمۇ يوقالمايدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە مەۋجۇتىيەت ۋە ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر.

مەككىدە نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرى، ئىنسانىيەتكە «مەۋجۇتىيەتنىڭ» سىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەم ئادەم بىلەن كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ھەم بۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ چۈشەندۈرگەندە كىشىلەرگە «ئۇ كىم؟ قەيەردىن كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ ھاياتلىقنىڭ ئاقىۋىتى زادى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللارنى قويىدۇ. ھەم ئىنسانلارغا «ئادەملەر ھېس قىلغان ۋە كۆزەتكەن كائىنات ھادىسىلىرى زادى نېمە؟»، «ئادەملەر ھېس قىلالايدىغان بىراق كۆرەلمەيدىغان، قاراڭغۇلۇقتا پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرۇپ، تەسەررۇپ قىلىۋاتقان سىرلىق كۈچ زادى نېمە؟ زادى كىم بۇ ئاجايىب مۆجىزە، سىرلارغا تولغان كائىناتنى ياراتتى؟ بۇنىڭ لاھىيەلىگۈچىسى كىم؟ كىم بۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىۋاتىدۇ؟ كىم بۇلارنى كېچە ـ كۈندۈز يېڭى ھالەتلەرگە كىرگۈزىۋاتىدۇ؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك؟» دېگەنلەرنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇش كېرەك؟ دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ.

مانا بۇ ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، چوقۇم ئويلاشقا تېگىشلىك مەسىلە. پۈتۈن دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر بۇ مەسىلە ئىنسانلار بىلەن ماس قەدەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. توپتوغرا 13 يىلدا مۇشۇ مەسىلە تەكرار ـ تەكرار تەكىتلەندى. يەنە ئېتىقاد مەسىلىسى چۈنكى كىشىلەر تۇرمۇشدا ئىمان (ئېتىقاد) مۇستەھكەم تەكىتلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىمان ئاساسىدا باشقا ئېھتىياج ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىدۇ.

قۇرئاننىڭ مەككىدىكى ئايەتلىرى بۇ ئاساسى يادرولۇق مەسىلىدىن ھالقىپ تۇرمۇش تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلمىغان، بۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئېتىقادى مۇستەھكەم بولغاندا، ئەتراپلىق چۈشىنىلىپ بولغاندا ئىمان شۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، ئۇلاردا قانچىلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئاللاھ ئالدىنئالا ئىسلام بايرىقىنى ئىنسانلار ئارقىلىق زېمىندا جەۋلان قىلدۇرۇشنى ۋە ئىسلامنى ئىنسانلار تۇرمۇشىدا گەۋدىلەندۈرۈشنى بەلگىلىگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى ھەم ئىسلامچە تۇرمۇش تۈزۈمىنى قۇرۇشقا كۈرەش قىلغۇچىلار بۇ دەۋرىدىكى تارىخقا قارىتا چوڭقۇر چۈشەنچىدە بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر! بۇ دەل مەككىدىكى ئايەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن سايىاق 13 يىل ئىمان قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نازىل بولغانلىقى ۋە شۇنىڭدەك ئىمان قۇرۇلۇشىدىن ھالقىپ ئىجتىمائىي تۈزۈم، جەمئىيەت تۈزەش، قانۇن تىكلەشكە ئالدىرىماسلىقىنىڭ سىرى، ئاللاھ ئىماننى ئىسلامغا كىرگەن كىشىگە يۈزلىنىدىغان (دۇچ كېلىدىغان) مەسىلە قىلدى. ھەم رەسۇلۇللاھنى ئىسلام دەۋىتىدە تۇنجى قېتىم «لا اله الا ئاللاھ مجمد رسول الله

» تەشۋىق قىلىشنى، جاكارلاشنى بۇيرۇدى. كىشىلەرگە كىمنىڭ ھەقىقى ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. كىشىلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە بويسۇنماسلىققا يېتەكلىدى ۋە چاقىردى. ئەمما بۇنداق دەۋەت قىلىش ئەرەبلەرنىڭ قارىشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارىتا دۈشمەنلىك سەۋەبلىك بىر قاتار ئۇرۇشلار يۈز بەردى.

ئويلاپ باقايلى! نېمە ئۈچۈن بۇ ئىسلام دەۋىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىسلام تارقىلىپلا شۇنچە كۆپ توسالغۇ، ئەرزىيەت ئۇچرايدۇ؟

ئاللاھ بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. بىراق بايلىققا تولغان ئەرەب زېمىنى ئەرەبلەرنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. بەلكى باشقا مىللەت، باشقا ئېرىق تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان ئىدى. شىمالىي قىسمىدىكى ئىككى دەريا ۋادىسى رىم ئېمپىرىيەسىگە بېقىناتتى. ھەم رىمنىڭ تەيىنلىگەن ئەرەب پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. جەنۇبى قىسمىدىكى يەمەن پارس ئېمپىرىيەسىگە بېقىناتتى. ھەم ئۇلار تەمىنلىگەن ئەرەب پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ قولىدا پەقەت ھىجاز، تىھامە، نەجىدە ۋە قۇملۇقلار ئىچىدىكى بىر قانچە بوستانلىقلار بار ئىدى.

بەزى كىشىلەر بەلكىم «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە ئېتىراب قىلىدىغان ئىشەنچلىك كىشى. ئۇنىڭ جەمەتى قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، يەنى ھاشىم جەمەتىدىن، ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن 15 يىل ئىلگىرى «ھەجەر ئەسۋەدنى ئۆز ئورنىغا كىمنىڭ قويۇشى ئىشى» دا قۇرەيشلەر بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا (رەسۇلۇللاھ) تاپشۇرغان. ھەم ئۇنىڭ ھۆكۈمگە قايىل بولىدىغان بولغان شۇڭا مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئەرەبلەرنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭىنى ئويغىتىپ، زۇلۇم ۋە بۇلاڭ - تالاڭ ئاستىدا تارقاق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىللەتچىلىك بايرىقى ئاستىدا ئۇلار رىم، پارس ئىمپىرىيىسى بېسىۋالغان زېمىننى ئازاد قىلالايتتى. ئەرەبچىلىك (مىللەتچىلىك) بايرىقىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيتتى. ھەم ئۆزىنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتىنى قۇرالايتتى» دېيىشى مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر «ئەگەر رەسۇلۇللاھ مۇشۇنداق چاقىرىق قىلغان بولسا، ئەرەبلەر چوقۇم ئاۋاز قوشاتتى - دە، مەككىدە 13 يى مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خالىغانچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىغان بولاتتى» دەپ تالاش - تارتىش قىلىشمۇ مۇمكىن.

يەنە بەزىلەر «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنى ئۆزىگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇشقا دەۋەت قىلىپ ئۇلارنىڭ رەھبەر، قوماندانى، بولغاندا، ئۇلار ھوقۇق ۋە شەرەپنى ئۇنىڭغا بەرگەندە ھەممە ئۇنىڭ باشقۇرىشىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئاللاھ يۈكلىگەن «لا اله الا ئاللاھ» دېگەن تەشۋىقاتىنى تارقىتالايتتى» دەپ جۆيلىدۇ. بىراق ئاللاھ (ھەممىنى بىلگۈچى) پەيغەمبىرىمىز بۇ يولغا باشلىغان، بەلكى ئۇنى «لا اله الا ئاللاھ» دىن ئىبارەت بۇ كەلىمىنى تەشۋىق قىلىش يولىغا باشلىغان، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئاز ساندىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى بۇ جاپا ئەرزىيەتكە ئۇچراتقان.

نېمە ئۈچۈن؟ ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى جاپالىق مۇھىتتا قويغۇسى يوق. بىراق ئاللاھ ئۇنىڭ (زۇلۇمدىن، ئەرزىيەتتىن قوتۇلىشىنىڭ) تېخى ھەقىقى يول ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئىسلامنىڭ يولى ھەرگىزمۇ ئەرەب زېمىنىنى رىم، پارىس مۇستەبىت ئىمپىراتورلىقىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، ئەرەب مۇستەبىتلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئەمەس. چۈنكى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىق قايسى دەۋردە بولمىسۇن ھامان ئىستىبداتلىقى ئىستىبدات، بۇ زېمىن ئاللاھنىڭ، ئۇنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. پەقەت زېمىندا «لا اله الا ئاللاھ» بايرىقى جەۋلان قىلىپ لەپىلدىگەندە ئاندىن ئاللاھقا تاپشۇرۇلغان بولىدۇ. ئىسلامنىڭ يولى ھەرگىزمۇ كىشلەرنى رىم، پارىس ئىمپىرىيىسىنىڭ ۋەھشيانە قۇللىقىدىن ئازاد قىلىپ، يەنە بىر ئەرەب قۇللۇق تۈزۈمگە تاشلاپ بېرىش ئەمەس ئىنسانلار پەقەت ئاللاھنىڭ چاكارلىرى خالاس، پەقەت ئۇلار «لا اله الا ئاللاھ» دېگەن بايراقنى ئىگىز كۆتەرگەندىلا ئاندىن ئاللاھنىڭ سادىق چاكارلىرىدىن بولالايدۇ. «لا اله الا ئاللاھ» دېگەن بۇ كەلىمە خۇددى ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەر چۈشەنگەندەك ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقا خاس، قانۇن تىكلەش ھوقۇقىمۇ ئاللاھقا خاس، ئىسلام ئېتىراپ قىلغان كىشلەر ئارىسىدىكى پەرق، پەقەت ئېتىقاد (ئىماندۇر)، ئېتىقادتىن ئىبارەت بۇ ئۇخشىمىغان تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئەرەبلەر، رۇملۇقلار پارىسلار، ۋە باشقا ھەرقانداق ئېرىق، مىللەتتىكى كىشلەر ئاللاھنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئوخشاش مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. يول دەل مانا مۇشۇ يەردە!!

ئاللاھ، بۇ دىن ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب جەمئىيىتى ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرىك جەمئىيەت ئىدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشلەر پۇل ۋە سودىنى مونوپول قىلىۋالغان ئىدى. جازانىخورلۇق ۋە باشقا ۋاستىلەر بىلەن خەلقنى شۇرايتتى. شۇنىڭ بىلەن بايلىق ھەسسىلەپ ئۇلارنىڭ قولىغا قالاتتى. بىراق ئىنتايىن كۆپ ساندىكى كىشلەر دەل ئەكسىچە ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازاۋىدا يۈرەتتى. پۇلى بارلار ئىناۋەت، ئورۇن، ئابرويغا ئىگە، بىراق كەڭ نامرات خەلق ئاممىسىنىڭ غورورى دەپسەندە قىلىنغان ئىدى.

بەزىلەر «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەنمۇ ئىجتىمائىي ئادالەت بايرىقىنى ئىگىز كۆتىرىپ، ئاقسۆڭەك مۇستەبىتلەرگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، مەقسىتىنى جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىكى بايلىقنى كەمبەغەللەرگە قايتۇرۇپ بېرەلەيتتى» دېيىشىدۇ.

بەزىلەر «ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق چاقىرىق قىلغان بولسا، ئەرەب جەمئىيىتى چوقۇم ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. مۇتلەق كۆپ قىسمى پۇل، ئابروي، ئورۇن ئۈچۈن بىر يېڭى بىر مەيدان ئىنقىلاپقا قاتنىشاتتى. ئاز بىر قىسمى دەل ئۆزىنىڭ بايلىقىنى قوغداپ ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ بىر سەپ بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋال پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ «لا اله الا ئاللاھ» غا بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشىدىن ئاسان بولاتتى. (ئىككى قۇتۇپ بولسا بىرى رەسۇلۇللاھنى قوغدايتتى. يەنە بىرى قارشى تۇراتتى. بۇ ھەممىنىڭ قارشى تۇرغىنىدىن ياخشىراق

ئىدى ـ ت)» دېيىشىدۇ. ئەمىلىيەتتە بولسا ئۇ ۋاقىتتا پەقەت كۆزگە كۆرۈنگەن ئىمانى مۇستەھكەم بىر نەچچە ساھابىلەرلا تەۋرەنمەي رەسۇلۇللاھ تەرەپتە تۇرغان ئىدى.

يەنە تېخى بەزىلەر «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاۋال كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن ئاز ساندىكى جاھىل كۈچلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلەپ ئاندىن كېيىن مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى «بىر ئىلاھلىق نەزىرىيىسى» ئۈستىگە قۇرۇپ ئاللاھ تاپشۇرغان بۇرچىنى ئورۇنلىغان بولسا» دېسە، بەزىلەر «كىشىلەرنى ئاۋال ئۆزىنىڭ شەخسى ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرسا ياخشى بولاتتى!» دەپ جۆيلۈشىدۇ.

بىراق ئاللاھ بۇ يولنىڭ توغرا يول ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ھەم ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ پەقەت بارلىق ھوقۇق ئاللاھقىلا تاپشۇرۇلغاندىلا ھەم مۇكەممەل ئېتىقاد، ئىدىيە سېستىمىسى ئاساسىدا ئاندىن جەمئىيەتتە بارلىققا كېلەلەيدىغانلىقىنى ھەم ئۇمۇملىشالايدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ ئۆزى خالاپ خوشاللىق بىلەن ئاللاھنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ھەققىدىكى ۋە ئۆزئارا مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش مەزمۇنىدىكى ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ قەلبىدە پەقەت ئاللاھنىڭ تۈزۈمىنى باراۋەر ئىجرا قىلىدىغان ئاڭ تىكلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىككى دۇنياغا پايدىلىق ياخشى ئىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئېرىشىشنى ئۈمىت قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ قەلبى نەپسانىيەتچىلىك ۋە ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇۋېلىنمايدۇ. قورال، زورلۇق ۋاستىسى، تەھدىت سېلىش، تېرورلۇق بىلەن شەيئىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. خۇددى «لا اله الا ئاللاھ» دېگەننى ئاساس قىلماي قىلىنغان باشقا ئىنقىلاب ۋە تۈزۈملەردە يۈز بەرگىنىدەك كىشىلەرنىڭ قەلبىنى، روھىنى چىرىك قىلىپ قويمايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەۋەتىلگەندە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ئاللىقاچان ھەر تەرەپتىن ئەڭ ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قالغان ناچار ئەخلاقلار ساقلىنىپ قالغان. بوزەك ئىتىش، كەمستىش، خارلاش جەمئىيەتتە يامرىغان ئىدى. شائىر زۇھەير ئىبنى ئەبى سۇلايمان بۇنى تەسۋىرلەپ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى بىزگە ئېيتىپ بەرگەن.

كىم ئۆزىنى قورال بىلەن قوغدىمايدىكەن ھالاك بولىدۇ.

كىم باشقىلارنى ئەزمەيدىكەن ئۆزى ئېزىلىدۇ.

ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش جەمئىيەتنىڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ھالىتى بولۇپ قالغان. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قىلىقلىرىدىن پەخىرلىنەتتى.

جاھىلىيەت دەۋرىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ناچار، قەبىھ ئادەتنى تەسۋىرلەپ يېزىلغان ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر تەرەپەتۇبنىل ئەبدىنىڭ شېئىرلىرى مۇشۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

پاھشۋازلىق ھەرخىل شەكىللەر بىلەن بۇ جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال قەدىمقى زاماندىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئىشلارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى توي 4 خىل ئىدى.

1) بۈگۈنكىدەك (ھازىرقىدەك) كىشىلەرنىڭ تويىدەك توي ئىدى. يەنى ئاۋال ئەلچى بولۇپ چاي ئىچۈرۈپ قويۇپ ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلسا ئاندىن توي قىلاتتى.

2) ئايالنىڭ مەزگىلى توشقاندا پالانىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىرگە بول دەيتتى ۋە ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلاتتى. تاكى ھېلىقى ئايال بىرگە بولغان ئەردىن ھامىلدار بولغىچە قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تەككۈزمەيتتى. ئايالنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن ئەگەر بۇ ئەر خالىسا بىرگە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مەقسىدى پەقەتلا بىر ئەقىللىق، ساغلام پەرزەنتكە ئىگە بولۇش ئىدى. مانا بۇ ئاتالمىش (توي) ئىدى.

3) قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر توپ ئادەملەر بىر ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ، نۆۋەتلىشىپ ھېلىقى ئايال بىلەن بىرگە بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال ھامىلدار بولاتتى. تەۋەللۇد (تۇغۇش) قىلغان چېغىدا ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي چاقىرىپ كېلىپ (ھېچقايسىسى كەلمەسلىككە بولمايدۇ) ئۇلارغا «سىلەر ئارىمىزدا بولغان ئىشنى بىلىسىلەر، مەن ھازىر تۇغدۇم» دەپ كېيىن ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئۇلارنىڭ بىرىنى تاللاپ مانا بۇ سېنىڭ «بالاڭ» دەيتتى ۋە ھېلىقى ئادەمنىڭ قاملىسى بويىچە بالىغا ئىسىم قوياتتى. ھېلىقى ئادەم ئۇ ئايالنىڭ مۇنداق قىلغىنىنى ھەرگىز رەت قىلالمايتتى. پەقەت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتەتتى.

4) پاھىشە ئاياللار ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا بىر بايراق قاداپ بەلگە قىلاتتى. ئەرلەردىن كىم خالىسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولاتتى. پاھىشە ئاياللارمۇ ھەرگىز رەت قىلالمايتتى. ئۇلار پاھىشە ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن مەلۇم بىرى ھامىلدار بولۇپ تۇغقاندىن كېيىن ھېلىقى ئالىلىقاچان ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان ئەرلەرنى يىغىپ، نەسەبشۇناسلارنى چاقىراتتى، نەسەبشۇنسلار توپلانغان ئەرلەر ئىچىدە قايسى بىرىنى بالىنىڭ دادىسى دەپ بېكىتسە، ئۇ ئايال بالىنى ئاشۇ ئەرگە قوشۇپ قوياتتى. ھېلىقى بالا ئەنە شۇ ئەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇ ئەرمۇ بۇنى رەت قىلمايتتى.

يەنە بەزىلەر «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا بىر مەيدان جەمئىيەتنى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئەخلاقنى تازىلاپ، جەمئىيەتنى پاكىزلاپ، كىشىلەر قەلبىنى يۇيالايتتى. دېمەك يەنە بەزىلەر ھەرقانداق شارائىتتىكى ئەخلاق ئىسلاھاتچىلىرىدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ روھى پاكىز، بۇ پاسكىنا قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىدىغان، تېگى ـ ئەخلاقلىق بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى باي قىلغان، بۇلار چۇقۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، پاكىزلاش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشاتتى» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر تېخى «ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خىزمەتنى ئېلىپ بارىدىغان بولسا ھېلىقى ئەخلاقى گۈزەل، روھى پاك ئەخلاقلىق كىشىلەر ئىككىلەنمەستىن بۇ

چاقىرىقتا ئاۋاز قوشاتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبى تەدرىجى ئىمانغا يېقىنلىشىپ ئۇنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن «لا اله الا ئاللاھ» نى تەشۋىق قىلىش بىلەنلا بۇنداق ئومۇمىي قارىشىلىقتا دۇچ كەلمەس ئىدى» دەپ تىل چاينىشىدۇ.

بىراق، ئاللاھ ئۇنىڭ ھەقىقى يول ئەمەسلىكىنى، ئىماننى ئاساس قىلمىسا ئەخلاقنىڭ تۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئىمان (ئېتىقاد) بىلەن قىممەت ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ تۇغرا قىممەت ئۆلچىمىنى بېكىتىشنىڭ باشقۇرغۇچىسى (ئاساسى) قىلىش لازىم. مۇشۇ باشقۇرغۇچى ئارقىلىق مۇكاپات، جازانى ئېنىق، قانۇنىي قەتئىي ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئىماندىن ئىبارەت قوماندان (باشقۇرغۇچى) تىكلىنىشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى تۇراقسىز، مۇقىم ئەمەس ئىدى. بۇ خىل تۇراقسىز قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەخلاقمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاساسلىنىدىغان نىزامى، بويسۇنىدىغان باشقۇرغۇچىسى، مۇكاپاتىمۇ يوق.

جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق ئىمان يىلتىز تارتقان، ئىمان تايىنىدىغان ھوقۇق مۇستەھكەملەنگەن، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانىنى ھەقىقىي تونۇغان، بىر ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىققىنىدا شەخسىي تەلەپ، شەخسنىڭ كونترول قىلىشىدىن قۇتۇلغىنىدا «لا اله الا الله» كىشىلەر قەلبىدە مۇستەھكەملەنگەندىلا ئاندىن ئاللاھ بۇ مۆمىنلەر ئارقىلىق بايىقى «تەكلىپ بەرگۈچىلەر»، «تەكلىپ بەرگەن» ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئەرەب زېمىنى رۇم، پارس ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى زېمىننى تازىلاش، ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئىدى. ئەرەبلەر زېمىنى ۋەھشى ھۆكۈمرانلار قولىدىن قۇتۇلدى. بۇ ياۋۇزلار مەيلى زۇملۇق، مەيلى پارس ھەتتا ئەرەب بولسۇن ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش ئىدى.

پۈتكۈل جەمئىيەت ئادالەتسىزلىكتىن قۇتۇلغاچقا پاكىزلاندى، ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈمى تىكلەندى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرەتتى. ھەممىگە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. ئاللاھنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيتتى. «لا اله الا الله» نى بايراق قىلاتتىكى، باشقا ھەرقانداق نام ـ ئاتالغۇ بىلەن كارى بولمايتتى.

روھىيەت ۋە ئەخلاق، ئىدىيە ۋە قەلب بارلىق قەبىھلىكتىن يىراقلاشتى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس بەلكى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىدىن بولغان.

كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىزدىنىشى، پائالىيىتى ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى ۋە رازىلىقىنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇلار ھاياتلا بولىدىكەن ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ۋە جازاسىدىن قورقاتتى، ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش، غەزىپىدىن قورقۇش (نازارەت قىلىش ۋە جازا) نىڭ ئورنىنى ئالغان ئىدى. (بۇنداق ئاگاھلىق بولغان ئىكەن بېسىم ۋە تەھدىدنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى ـ ت).

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تۈزۈمى ۋە ئەخلاقى توختىماي ئىلگىرلەپ كىشىلەر بۇرۇن ئەزەلدىن يېتىپ باقمىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇنداق مەنزىرە، مۇنداق دەرىجىگە مەيلى ئىلگىركىلەر بولسۇن ياكى كېيىنكىلەر بولسۇن يېتىپ باقمىغان ئىدى. بۇ پەقەت ئىسلام تۈزۈمىدىلا شۇنداق بولدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ـ دۆلەت قانۇنىنى، تۈزۈمىنى، تۇرمۇشىنى ھەتتا پۈتۈن جەمئىيەت ئىدىئولوگىيەسىنى بۇ ئىسلام دىنى ئۈستىگە قۇرغان كىشىلەرنىڭ قولىدا ئورۇنلاندى. مانا بۇلار ئاۋال قەلبىدە ئىماننى مۇستەھكەم تىكلىگەن ھەم كونكرېت ئىبادەت، ھەرىكەت، تۇرمۇشتا ئىماننى ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئىسلامنى ھەقىقىي تىكلەشنى شەرت قىلىپ ئۇلارغا بىر ۋەدە بەردى. ئۇ ۋەدە بولسا بۇ دۇنيا بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بولغان خوشاللىق باغچىسى جەننەت ئىدى. مانا بۇ ئۇلارغا مۇكاپات ئىدى. بۇلار جاپالىق ئۇرۇشنى (جىھاد) نى قاتتىق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ دىنى تەشۋىقاتنىڭ شۇئارى دۇنيانىڭ ھەرقايسى دەۋر ياكى ھەرقايسى جايلاردىكى ياۋۇز كۈچلەرنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان «لا اله الا ئاللاھ» نى قورال قىلىپ جاھالەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلغان ئىدى.

شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى سىنىغاندا، ئۇلار سەۋر، چىدام بىلەن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت خىيالنى چىقىرىپ تاشلىغان. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزلەيدىغىنىنىڭ دۇنيادىكى ھەق ـ مۇكاپات ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. مەيلى بۇ خىل ھەقنىڭ مۇكاپات شەكلى قانداق بولسۇن، مەيلى ئىسلام ئۇلار بىلەن ئۇتۇقلارغا ئېرىشسۇن مەيلى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن زېمىندا ئاللاھنىڭ دىنى تىكلەنسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بېرىلگەن ھەق ئەمەس. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەجدادى، مىللىتى، ئېرقى، نەسەبى بىلەن پەخىرلەنمىگەن، ئۆزىنىڭ ۋەتىنى، تېرىتورىيىسى بىلەن باشقىلارنى پەس كۆرمىگەن، ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرەڭلەپ كەتمىگەن چېغىدا ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ زور «ئامانەت» نى ئۆز ئۈستىگە ئالالىغۇدەك بولغىنىنى بىلىدۇ. بۇ «ئامانەت» دەل پۈتۈن دۇنيادا «بىر ئىلاھى ھۆكۈمرانلىقى» نى تىكلەيدىغان ئىماندۇر. بۇ خىل ئىمان بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى (قەلبنىڭ، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ، ئىدىيە ـ ھەرىكەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ مۆمىنلەر، بۇلارغا تاپشۇرۇلغان ھوقۇقىغا ئىنتايىن سادىق بولىدۇ. ئۇلار بۇ ھوقۇق بىلەن ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تىكلەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆلچىمى، ھۆكۈمى بىلەن ھەممىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۆلچەيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تۇغقانلىرى، مىللەت، ۋەتەننى ئاللاھ بەرگەن ھوقۇقتىن كەلگەن كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان بۇ ھوقۇق ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ ھوقۇقنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىنى، ھوقۇقنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىسلام مانا مۇشۇنىڭدىن باشقىسىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان بولسا بۇ ئىلاھى تۇرمۇش يولى بۇنداق يۈكسەك دەرىجىگە يېتەلمىگەن بولاتتى. ئىسلام پەقەت «لا اله الا ئاللاھ» دىن ئىبارەت بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قوشۇمچە مەنا بەرمەي ئاشۇ قارىماققا جاپالىق، ئەگرى ـ بۈگرى ئەمەلىيەتتە بۇ قۇتلۇق، بەختلىك يولنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش يولى قىلغاندىلا ئاندىن غەلبە

قىلماي قالمايدۇ. ئەگەر ئىسلام تارقىلىشىنىڭ بىرىنچى قەدىمىدىلا «مىللەتچىلىك» چاقىرىقى ئاستىدا ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ مىللەتچىلىكنى قورال (تەشەببۇس) قىلىپ «لا اله الا ئاللاھ» دىن باشقا بايراقنى كۆتۈرگەن بولسا، ئىسلام تۇرمۇش يولى تارقالمايلا قالماستىن ھەممە ھوقۇق ئاللاھقا قايتۇرۇلغان ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىشمۇ مۇمكىن بولمايتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەككىدىكى قۇرئان ئايەتلىرى تەكىتلىگەن مەزمۇنلار يەنى ئىدىيە ۋە قەلبىدە «لا اله الا ئاللاھ» دىن ئىبارەت ئېتىقادنى تىكلەش ۋە بۇ خىل جاپالىق يولنى تاللاشتىكى مەقسەت ئۇندىن باشقا بارلىق يولنى رەت قىلىپ داغدام يولدا ساباتلىق مېڭىش.

مەككە ئايەتلىرىنىڭ باشتىن ئاخىر ئىماننى كۈچەپ تەكىتلەش، ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلغان قانۇن - تۈزۈمنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشنىڭ، تەشكىللەش تەكشۈرۈشنىڭ تەكىتلەنمىگەنلىكتىن ئىبارەت بۇ مەسىلەر ئىسلام تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشلەرنىڭ ئويدان ئويلىنىپ تەپەككۇر قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. شۈبھىسىزكى مانا بۇ دەل بۇ دىنىنىڭ ماھىيەتلىك، مۇھىم تەرىپى. چۈنكى ئىسلام بۇ مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇ (ئىسلام) نىڭ بارلىق قانۇن - تۈزۈملىرى مانا بۇ ئۇلۇغ بۇلاق «لا اله الا ئاللاھ» دىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ. بىر تۈپ غايەت زور ئاسمانغا تاقاشقان بۈك - باراقسان دەرەخ بولسا، چوقۇم نۇرغۇن يەرنى ئىگەللىگەن، ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى غايەت زور غولى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئىسلاممۇ دەل شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ تۈزۈممۇ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى مەيلى ماكرۇ جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مىكرو جەھەتتىن بولسۇن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنى باشلايدىغان تۇرمۇش يولى بۇ ئاددى كۆز بىلەن بايقىيالايدىغان مۇناسىۋەتلەرنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئادەم قەلبىدىكى چوڭقۇر يوشۇرۇن دۇنيانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق غايەت زور تۇرمۇش سىستېمىسى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى «لا اله الا ئاللاھ» بىلەن ماس مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

مانا بۇ، ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ بىرى، ئىسلام يولى ئۇزۇن، ئىماننىڭ مۇستەھكەملىنىشى، ئىماننىڭ ئەتراپلىقلىقى ۋە ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىمۇ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. ھەم بۇ تەرەققىي قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان مەنبەلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى. غايەت ئېگىز دەرەخ ۋە ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز ئۇتتۇرىسىدىكى ئەڭ ياخشى ماسلىق ۋە تەڭشەشتۇر.

«لا اله الا ئاللاھ» نىڭ ھەقىقى مەنىسى قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى بۇ خىل ئىمان ئىپادىلىنىدىغان تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشىدۇرز بۇ خىل ئىمانغا ئىگە قەلب ئەلۋەتتە خوشاللىق بىلەن ئۇ (تۈزۈمنىڭ) ئىنسانىيەت قەلبىنىڭ ئەڭ خوشال بولىدىغان بىردىنبىر تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېتىراب قىلىدۇ. ھەتتا بۇ تۈزۈملەرنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئەھكام، بۇيرۇقلار ئۇلارغا يۈزلەنگەندە شەرتسىز بويسۇنىدۇ. بويسۇنۇش ئىماننىڭ ئالدىنقى شەرتى. مانا ئالدىنقى شەرت ئاستىدا بۇ ئىنسانلار ئۆزى خالاپ خوشاللىق بىلەن ئىسلامنىڭ ھەرخىل

بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ئىككىلەنمەستىن ئىجرا قىلىشقا كىرىشىدۇ. بىرەر نوقتىنىمۇ تاشلاپ قويمايدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ھاراق ئىچىش، جازانىخورلۇق، قىمار، پاھىشە تۈپ يىلتىزىدىن يوقالغان جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بارلىق قالاق، ئەنئەنىۋى قەبىھ ئادەتلەرنى جەمئىيەتتىن پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىغان.

مانا مۇشۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا پەقەت بىر نەچچە ئايەت ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەلىمگە ئاساسلىنىلغان ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس. ھازىر بۇ دۇنيادىكى ھاكىمىيەتلەر زور كۈچ سەرپ قىلىپ نۇرغۇن قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، تۇشمۇ - تۇشتىن ساقچى، ئارمىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيەلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قىلالىغىنى ئاشۇ جىنايەتچىلەرنىڭ جىسمانىيىتىگە جازا بەردى. (روھىيىتى يەنىلا ئۆز كۆز قارىشىدا قالدى) بىراق پۈتكۈل جەمئىيەت يەنىلا قاپ - قاراڭغۇ زۇلمەت ۋەھىمە ئىچىدە ئېچىنىشلىق ئىگرىغان ھالىتىدە قالدى.

ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ «سىراتەل مۇستەقىم» بولغان ئىلاھى يولدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئاكتىپچانلىق، ئەمىلىيەتچانلىق ۋە پائالىيەتچانلىقتا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىكى مەقسەت جەمئىيەتنى تۈزەش، رېئال تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ ئىسلام مىزانى بويىچە بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ھەقىقەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خاتانى تۈزەش، جاھالەتچە ھەرىكەتلەرگە رەھىم قىلماي زەربە بېرىش، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش. شۇڭلاشقا، ئىسلام پەقەت كونكىرت، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قانۇن تۈزۈپ ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان جەمئىيەت ئەمىلىلىشىدۇ.

ئىسلام ھەرگىزمۇ خىلمۇ - خىل پەرەزلەر بىلەن ماسلىشىپ قالىدىغان نەزەرىيە ئەمەس! ئۇ بىر ئىجتىمائىي ئەمىلىيەتنى نەزەرىيە بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان يولدۇر. شۇڭا ئىسلام چوقۇم «لا اله الا ئاللاھ» نىڭ ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت قۇرۇش كېرەك. بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەر قەلبى ۋە ئەمىلىيىتىدە بارلىق ھۆكۈمرانلار تىكلىگەن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى رەت قىلىدۇ. ۋە بۇ پىرىنسىپنى ئاساس قىلمىغان قانۇننى رەت قىلىدۇ.

بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتتا بۇ جەمئىيەتتىكى رېئال تۇرمۇش بىر خىل تۈزۈمگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ ۋە بۇ خىل قانۇن ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ دىن مۇتلەق بۇ تۈزۈم، بۇ قانۇنغا بويسۇنغان مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن بۇ جەمئىيەت قانۇن - تۈزۈملىرىنى تىكلەپ بېرىشكە تۇتۇش قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان بۇ قانۇندىن باشقا بارلىق قانۇن - تۈزۈمنى رەت قىلىدۇ.

مۆمىنلەر چوقۇم روھىيىتى ۋە ئىجىمائىي تۇرمۇشنى كونترول قىلىدىغان ئىمانغا ئىگە بولۇش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا بۇ تۈزۈم ۋە قانۇن جەمئىيەتتە ئىزچىللاشقان كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. قانۇن - تۈزۈمنىڭ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئابروي، ھەيۋىسى بولسا، جەمئىيەت ئامان كىشىلەر ئىناق بولىدۇ. دەسلەپكى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار مەككىدىكى ۋاقىتتا ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولالمىغان. ھوقۇقمۇ ئۇلارنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆز

تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇراتتى. شۇڭا ئۇ مەزگىلدە ئۇلارغا سىياسى، قانۇن ـ تۈزۈم توغرىلىق ئايەت چۈشمىگەن. پەقەت ئۇلارغا تەۋھىت ئايەتلىرى چۈشتى. بۇ ئىمان (تەۋھىت) كىشىلەر قەلبىدە مۇستەھكەملىنىپ بولغاندا بۇ ئىماندىن بىخ ئۇرغان ئەخلاق توغرىسىدىكى ئايەتلەر چۈشكەن. شۇڭا ئۇلارغا مۇشرىكلاردىن مۇستەقىل بولغان تۇرمۇش شەكلىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇلار مەدىنىدە ئۆز دۆلتىنى ھەقىقى ئايرىپ ياشىيالمىغان. ئۇلار ئۆز دۆلتىنى قورغاندىن كېيىنلا سىياسي، قانۇن ـ تۈزۈم ئايەتلىرى چۈشكەن. ئۇلارغا ئىسلام جەمئىيىتىدىكى رېئال مەسىلىلەر ھەل قىلىدىغان قانۇن ـ تۈزۈمنى تىكلەپ بەرگەن. دۆلەتتىن ئىبارەت مەمۇرى ۋاستە ئارقىلىق يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە كاپالەتلىك قىلغان. ئاللاھنىڭ خاھىشى سىياسي ـ قانۇن مەزمۇنىدىكى ئايەتنى مەككىدە چۈشۈرۈپ ئۇلار بۇ ئايەتنى ساقلاشقا بۇيرۇپ، كېيىن مەدىنىدە دۆلەت قورغاندا ئاندىن ئېلىپ چىقىپ ئىجرا قىلىش بۇ ھەرگىزمۇ بۇ دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس! ئىسلام بۇ خىل رېئاللىقتىن تېخىمۇ كەسكىن، ئەستايىدىلدۇر. ئىسلام ھەرگىزمۇ ھەرخىل شەكىللەردىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قۇرۇق خىيال قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىياس، تەسەۋۋۇر بىلەن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان چارىلەرنى تۈزمەيدۇ. ئىسلام پەقەت ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنىدىغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە يۈزلەنگەن بولۇپ، ھەرخىل شەكىلدىكى قانۇنلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل رەت قىلىپ، بىۋاستە رېئال مەسىلىلەرگە چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى، شارائىتى، شەرتىگە ئاساسلىنىپ قانۇن تۈزۈپ بېكىتىدۇ.

ھازىر بەزى كىشىلەر ئىسلامنى بىر خىل قىلىپ، ھەرخىل نەزىرىيەلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ ۋە مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، سىياسي ئەندىزەلەرنى ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. بىراق ھازىر دۇنيادا ئىسلام تۇرمۇش سېستىمىسىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان بىردىنبىر تۈزەش ھوقۇقىنى ھەقىقى ئېتىراب قىلغان. ئادەملەر تۈزگەن بارلىق قانۇننى رەت قىلىدىغان ھەمدە مەمۇرى ھوقۇق بىلەن بۇ خىل تۇرمۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدىغان بىرەر جەمئىيەت تېخىچە بولۇپ باققىنى يوق. ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەم تۇرمۇشتا ئاللاھ بويرىغان بۇيرۇق بىلەن خىزمەت قىلىشنى بىلمەيدۇ.

بۇ كىشىلەر ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ ھەم ئىسلامنىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات تەرتىپلىرىنى باشقا نەزەرىيەلەر بىلەن يېتەكلىمەكچى بولىدۇ. باشقا يول بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ ھەم بۇ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىراقسان خاھىشى، روھى ھالىتىگە ماسلاشتۇرۇشقا ئورۇنىدۇ. دەل بۇ ئالدىراقسانلىق، ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن ـ تۈزۈم ئالدىدا ئىپادىلەنگە مەغلۇبىيەتچىلىكىنىڭ ئىنكاسى ئۇلار بىر دۆۋە ئابستراكىت كۆز قاراش. نەزەرىيە، ئەندىزلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ئەسلا مەۋجۇت بولمايدىغان كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرمەكچى بولىدۇ بىراق ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەرگىز بۇنداق ئەمەس. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بۇ دىن ئاۋال كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئېتىقاد (ئىمان) بولۇشى، ئاندىن بۇ خىل

ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ قەلبىنى كونترول قىلىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەردىن ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق ھۆكۈمدارلىققا بويسۇنماسلىقى، ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا ھەرقانداق قانۇننى قوبۇل قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا ئالغىنىدا ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك قىلىدۇ.

ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى چوقۇم چۈشىنىشى كېرەككى، كىشىلەر بۇ دىننى قايتا گۈللەندۈرۈشكە چاقىرغاندا، كىشىلەرنى ئاۋۋال ئىسلامنىڭ بۇ ئاساسى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىش كېرەك. گەرچە ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىسىمۇ ھەم ئۇلارنىڭ سالاھىيتى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىسپاتلىسىمۇ، كىشىلەر ئاۋۋال ئىسلامنىڭ «لا الە الا ئاللاھ» ۋە ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىسىدە بولغان ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. يەنى ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقا خاس، ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان ھەم ئۇنى (ھوقۇقنى) ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى بار نەرسىسى قىلىۋالغان تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئەمەلىيىتىدە گەۋدىلىنىشى لازىم. مانا بۇ ئىسلام ئەڭ ئاۋۋال تەشۋىق قىلىدىغان ئۇل تاشتۇر (ئاساستۇر). بۇ، كىشىلەرنى ئىسلام يولىغا باشلاشتىكى يول بەلگىسىگە ئايلىنىشى كېرەك. مانا بۇ مەككىدىكى ئايەتلەرنىڭ 13 يىل كۆچەپ تەشۋىق قىلغان نۇقتىدۇر. مانا مۇشۇنداق ساپ ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەردىن تۈزۈلگەن جەمئىيەتنى بىز «ئىسلام جەمئىيەتى» دەپ ئاتايمىز. پەقەت مۇشۇنداق ئىسلام جەمئىيىتىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ (ساپ ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر) ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئىسلام قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا ماس كېلىدۇ. چۈنكى بۇ كىشىلەر چىن قەلبىدىن، ئۈزۈل ـ كېسىل ھالدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىنى بۇ ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇشنى خالىغان ھەم تۇرمۇشتىكى ھەرقايسى ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

مانا بۇ خىل جەمئىيەت ھەقىقىي تۈردە تۇرمۇشقا سىڭىپ كىرىپ تۈزۈمنىڭ ئومۇمىي روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە باشلىغىنىدا بۇ جەمئىيەت ئىسلام ئومۇمىي روھىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا بۇ جەمئىيەتتىكى رېئال تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان ھەرخىل قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈشكە باشلايدۇ. مانا بۇلار ئاكتىپچانلىققا ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە ئىسلام يولىنىڭ باسقۇچ تەرتىپلىرىدۇر.

بەزى پاك، سادىق، بىراق بۇ دىننىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى بىلىپ يېتەلىگەن كىشىلەر «ئالدىراڭغۇلۇق يولىغا» كىرىپ قالىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي يوسۇندا بۇنىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئۆزى ياسىغان يول ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. (پەقەت ئاللاھلا ئىنسانىيەتنىڭ ھەرخىل تەبىئى ئىنتىلىشى، ئېھتىياجلىرىنى، تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى ھەقىقى بىلىدۇ). «ئىسلامنىڭ ئاساسىي روھى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى كىشىلەرگە كۆرسەتسەك ئىسلامنىڭ تارقىلىش يولى تېخىمۇ توسالغۇسىز، ئوڭاي بولاتتى. ھەم كىشىلەرمۇ بۇ دىننى تەبىئى قوبۇل قىلغان، قىزغىن سۆيگەن بولاتتى!» دېيىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئالدىراڭغۇلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇچىغا چىققان خام ـ خىيال، بۇ خام خىيال خۇددى بىز ئالدىنقى قېتىم بايان قىلىپ ئۆتكەن رەسۇلۇللاھغا «بېرىلگەن» ئەخماقانە «تەكلىپلەر» بىلەن ئوخشاش. يەنى ئىسلام تارقىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر، مىللەتچىلىك، ئىجتىمائىي ئادالەت، ئەخلاق ئىسلاھاتى بايرىقىنى ئاۋال كۆتەرسە ئوبدان بولاتتى دېگەندەك.

كىشىلەرنىڭ قەلبى ئاۋال ئىسلامغا، ئاللاھقا سەممىيلىك بىلەن قايتىشى، ئاللاھقا ھەر جەھەتتىن بويسۇنغانلىقىنى جاكارلىشى، باشتىن باشلاپلا شەرتسىز ئاللاھنىڭ تۈزۈمگە بويسۇنىشى، ھەم ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇننى قەتئىي رەت قىلىشى كېرەك.

ئىسلامغا بولغان مۇھەببەت، ئىنتىلىش ۋە ئاللاھقا بولغان مۇتلەق بويسۇنۇش باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇللۇقتىن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان تەلپۈنۈشتىن كېلىشى كېرەككى ھەرگىزمۇ بۇ دىنىنىڭ باشقا دىندىن، قانۇنىنىڭ باشقا قانۇندىن ئەۋزەل بولغانلىقىدىن كەلمەسلىكى كېرەك.

شەكسىزكى ئاللاھنىڭ تۈزۈمى دېمىسىمۇ ئەسلىدىنلا ئەۋزەل. چۈنكى ئۇنى ئاللاھ تۈزگەن. ئىنسان دېگەن ئاللاھ ياراتقان مەخلۇق، مەخلۇق (يارالغۇچى) نىڭ قانۇنى قانداقمۇ خالىق (ياراتقۇچى) نىڭ قانۇنى بىلەن تەڭ بولالىسۇن؟ بىراق بۇ نۇقتا ھەرگىزمۇ ئىسلام ئەڭ دەسلەپ تەشۋىق قىلىدىغان ئۇل تېشى ئەمەس. بۇ ئۇل تاش بولسا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئاللاھنىڭ قانۇنىنى قوبۇل قىلىش ۋە بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق قانۇننى رەت قىلىشتۇر. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. ئىسلامنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەنىسى يوق. كىم ئىسلامنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنى سۆيىدىكەن ئۇنىڭ ئىدىيە مەسىلىسى مۇشۇ يەردە ھەل بولىدۇ. بۇ چاغدا ھېچكىمنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ ئەسلى گۈزەللىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلامغا قىزىقتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ! مانا بۇمۇ (ئىمان ئاساسىدا قانۇننى سۆيۈش) ئىمان ئېتىقادىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر. ئەمدى بىز مەككىدىكى ئايەتلەرنىڭ 13 يىلدا قانداق قىلىپ ئىمان (ئېتىقاد) مەسىلىسىنى ھەل قىلغانلىقىنى سۆزلىشىمىز كېرەك. قۇرئان بىر نەزەرىيە ياكى ئىلاھىيەت ئىلمى تەتقىقاتى شەكلىدە يالغۇز ئېتىقاد مەسىلىسىنى بايان قىلمىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرى بىلەن ماس كېلىدۇ. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىكى، ئەتراپىدىكى نەرسىلەردە ياراتقان ئېنىق دەلىللىرىگە، ئىلھاملىرىغا جەلب قىلىدۇ. قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ھەرخىل خۇراپىلىق ئىچىدە قوتقۇزۇپ چىقىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى بېسىمدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئىدراك قابىلىيىتىنى بوغۇۋالغان ئاسارەتنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇغما تالانتىنى ئاچىدۇ. ھەرخىل ئادەم قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىلھاملارنى بېرىدۇ. مۇنداق ئادەم ئىلھامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئاللاھقا تەلپۈنىدۇ.

بەلگىلىك نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىسلامى ئېتىقادنى ئاساس قىلىپ رېئال تۇرمۇشتا ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى چۆمكىۋالغان سەپسەتە ۋە ئەنئەنىلەر بىلەن بىر مەيدان جانلىق كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئالاھىدە مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن بىر خىل نەزەرىيە ئۇسۇلى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى، ئىدىيىسىنى قاپلىۋالغان پەردىنى يىرتىپ تاشلاشنى، تۇرمۇشتىكى ھەرخىل توسالغۇلارنى پاچاقلاپ تاشلاشنى قارار قىلغان. شۇڭلاشقا لۇگىكىنى ئاساس قىلغان مۇھاكىمىلىق پەلسەپە ئاللاھنى تۇنۇش ئىلمى يېقىنقى ئەسىرلەردە ئاساسلانغان ئۇسۇلىمۇ ئەمەلىيەكە ئويغۇن بولمىغان ئۇسۇل. ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان پۈتكۈل رېئاللىق بىلەن كۆرەش قىلغان.

رېئاللىقتىن ئىبارەت بۇ دېڭىز ئىچىدە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوت ئاچقان. شۇڭلاشقا ئىلاھ ئىلمى تەتقىقاتىمۇ دېگەندەك مۇۋاپىق چارە ئەمەس. چۈنكى ئىسلام بىر خىل ئېتىقاد بولۇپلا قالماستىن باش نىشانى ئۇنى رېئال تۇرمۇشتا گەۋدىلەندۈرۈش ئەمەلىلەشتۈرۈشتە. ھەرگىزمۇ لوگىكا پەلسەپە تەتقىقاتىدەك ئۇنى جەمئىيەتنىڭ خىلۋەت بولۇڭىغا تاشلاپ قويۇش ئەمەس!

قۇرئان بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىمان تىكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىمان ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان جاھىلىيەتكە ئوت ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىرىشىپ ـ تىرىشىپ بۇ جاھىلىيەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى بۇلغىشىنى ۋە تەسىرىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئىسلامى ئېتىقاد مانا مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە قورۇلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆلۈك نەزەرىيە ئەندىزىسى، بىكىنمە ئىلاھلىق ئىلمى تەتقىقاتى، پەلسەپىلىك تالاش ـ تارتىشلار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بىر مەيدان ئاكتىپچانلىقتا، تىرىشچانلىقتا، زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئارقىلىقتۇر. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بولسا، بۇ ھەرىكەتنىڭ كونكرېت تەشكىللىك شەكلى، مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي ئېتىقاد قارشى، تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئېتىقاد قارىشىغا نىسبەتەن گەۋدىلىنىشى، شۇنىڭدەك قارىمۇ قارشى ھالەت ئاستىدا جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۆرەش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىشىدۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغان بۇ خىل ئۆسۈپ يېتىلىش بىلەن ئېتىقاد (ئىمان) بىناسىنىڭ شەكىللىنىشى پۈتۈنلەي ئۆزئارا ماستۇر. بۇ خىل ئۆسۈپ ـ يېتىلىش ئىسلامى ئېتىقادنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىكى ئەينەن تەسۋىرىدۇر. بۇمۇ ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى، خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى بىردىنبىر يولدۇر.

ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى چوقۇم بىز تەھلىل قىلغاندەك بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يولىنى چۈشىنىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ئۇلار چوقۇم 13 يىل داۋاملاشقان مەككە باسقۇچىنى (ئىمان تىكلەش باسقۇچى) بىلىشى كېرەك. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىسلام گەۋدىسىنى قۇرۇش، ئىسلامى جەمئىيەت تىكلەش باسقۇچى بىلەن چەك ـ چېگرىلىك ئايرىلىپ كەتمەيدۇ بۇ ئىسلام ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ھەرىكەت مۇسۇلمانلار جامەسىنى

شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سالدىغان باسقۇچتۇر. مەيلى قەيەردە قاچان بولسۇن پەقەت ئىسلام بىناسىنى قايتا تىكلىمەكچى بولغاندا چوقۇم مۇشۇنداق قىلىش كېرەك.

شۇنداق قىلىپ ئىمان تىكلەش باسقۇچىنى ئۆزارتىش، بۇ باسقۇچنى قەدەممۇ ـ قەدەم تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش لازىم. تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، مۇستەھكەم ئورناتقان ھالەتتە تاماملىنىشى كېرەك. شۇڭا بۇ باسقۇچ ھەرگىزمۇ ئىمانغا نىسبەتەن نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان جەريان ئەمەس. بەلكى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان باسقۇچتۇر. مانا بۇ نوقتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە نوقتا. ئىسلام ئېتىقادنى جانلىق، ئەمەلىي ھالدا بۇ ئېتىقادقا ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئادەملەر ئاساس (ئۇل) ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن ھاياتى كۈچكە ئىگە جەمئىيەت شەكلى ئىچىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بۇ خىل جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرى ۋە تاشقى ھالەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ماھىيەتتە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل ئىمان، بۇ خىل ئېتىقاد، ئەمەلىيەت ئۈستىدە جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۈرەشتە ھەقىقىي گەۋدىلىنىشى كېرەك. بۇ خىل ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىمان ئۇنى قورشاپ تۇرغان ھەرخىل ياۋۇز كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشكە ئەگىشىپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

يا! ئىسلام ئېتىقادىنى پەقەت بىر خىل نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى، مۇلاھىزە تەتقىقاتىنىلا تەمىنلەپ بېرىدىغان ئابىستىراكىت نەزەرىيە دەپ قاراش نېمە دېگەن زور خاتالىق ـ ھە؟ كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتقاندا پەقەتلا خاتالىق ئەمەس بەلكى بىر مەيدان ئېچىنىشلىق كىرىزىس!

مەككىدىكى ئايەتلەر بىر قېتىمدىلا چۈشكەن ئەمەس، بەلكى 13 يىل داۋاملاشقان، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئېتىقاد، ئىمان سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، ئەگەر ئاللاھ خالىسا بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈپ ساھابىلەرنى 13 يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ۋاقىتتا «ئىسلام نەزەرىيىسىنى» پىششىق ئۆگىنىپ بولغۇچە قۇرئاننى تەتقىق قىلىشقا بۇيرۇيتتى! بىراق ئاللاھ بۇنداق قىلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ! ئاللاھ باشقا بىر ئالاھىدە ئۇسۇلنى خالىدىكى ئۇ بولسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا بىر خىل جەمئىيەت، بىر مەيدان، ھەرىكەت، بىر خىل ئېتىقاد ئۈچۈن ئۇل (ئاساس) ھازىرلاشتۇر. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىمان بىلەن ھەرىكە ۋە جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، جەمئىيەت ۋە ھەرىكەتنى ئىماننى كۈچەيتىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرۇدىغان ئىماننى ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ ئەمەلىيىتى قىلىدىغان، ئاكتىپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئىماننى گۈللەندۈرىدىغان بىر يۈرۈق ئەينەك قىلىشتۇر. «تاغ ـ دەريالارنى ئۆزگەرتىش ئاسانكى، مىجەز ـ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش بەك مۈشكۈلدۇر» دەيدىغان گەپ بار. ئۇلۇغ ئاللاھ، ئىدىيىنىڭ يېڭىلىنىشى، يېڭى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ بىر كېچىدىلا ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىدۇ. شۇڭا ئىماننىڭ قۇرۇلۇشى چوقۇم ئىدىيىنىڭ يېڭىلىنىشى يېڭى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلىشىغا مۇۋاپىق بولغان بىر مەزگىل ۋاقىت كېرەك. ھەم بۇ ئىمان سىستېمىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىشچە يەنى بۇ خىل ئىماننى گەۋدىلەندۈرىدىغان رېئال جەمئىيەت شەكىللەنگىچە داۋاملىششى كېرەك.

مانا بۇ، ئىسلامدىن ئىبارەت يۈكسەك دىنىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكى، يەنى مەككە ئايەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش، چۈشۈش (نازىل بولۇش) ئۇسلۇبى جەھەتتىكى قائىدە ـ تەرتىپ ئالاھىلىكىدۇر. بىز بۇ ئالاھىدىلىكنى چوقۇم تونۇشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ ھەرخىل كىشلەرنىڭ نەزەرىيىلىرى ئالدىدا مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئالدىراقسان رايىغا بېقىپ، ئىسلامنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىشنى سىناپ باقماسلىقىمىز لازىم. ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان يۇقىرىقى ئالاھىدىلىك بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنى قۇرغان. ئوخشاشلا ھازىرمۇ ئىسلام ئۈممىتىنى قۇرىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم ئاللاھنىڭ تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئۈممىتىنى قۇرغىنىدىكى بۇ ئالاھىدە ئۇسۇلغا ئاساسلىنىپ ئىسلام بىناسىنى قۇرۇشىمىز لازىم.

ئىسلام ئېتىقادى، كىشلەرنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ، ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىنىدىكەن مۆمىنلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن جاھالەتتىن قېپ قالغان چىرىندىلەرنى تاشلىۋېتەلەيدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ داۋالايدىغىنى پەقەت كىشلەرنىڭ قەلبى تەپەككۇرىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت. ئېتىقاد رېئال ھەرىكەتتىن ئايرىلغان نەزىرىيە ئەمەس. بەلكى ئەمەلىي پائالىيەت بولسا ئېتىقادنىڭ ھەرىكەتتىكى تەسۋىرىدۇر.

ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئاخىرى مەقسەت ۋە تەرەققىيات تەرتىپلىرىدىن سۆز ئاچساق بىزلەردە نەزىرىيىنىڭ تەتقىقاتى ئەمەلىيەتنىڭ يېتىلىشىدىن ئېشىپ كېتىپ رېئاللىقتا گەۋدىلەنمىدى. بۇ، زور خاتالىق بولۇپلا قالماي تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقتۇر.

[ قۇرئاننى كىشلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق] سۈرە ئىسرا 106- ئايەت.

بىز بۇ ئايەتتىن قۇرئاننىڭ چۈشىنىش، ئىجرا قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مەزگىللەرگە بۆلۈنۈپ چۈشكەنلىكىنى، مەقسەت بولسا ئىسلامى ئېتىقاد بىناسىنىڭ بىر جانلىق تەشكىلى، كىشلەر ئارىسىدا قورۇلىشى، ھەرگىزمۇ بىر ئابىستىراكىت نەزەرىيە ئىچىدىن ئىپادىلىنىپ چىقماسلىقىدۇر.

ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەر ئەستايىدىل ھالدا «ئىسلام دىنى ئاللاھ چۈشۈرگەن، ئىلاھى مۇقەددەس دىن بولغان ئىكەن، ئۇنداق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىكى ئىسلام يولىمۇ، ئەلۋەتتە ئىسلام مۇقەددە يول. بۇلار ئىككىسى بىردەكلىكتۇر» دېگەن چۈشىنىۋېلىش كېرەك. شۇڭلاشقا ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ ماھىيتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش يولىنى ئايرىۋەتمەسلىك لازىم. ئۇلار يەنە بىلىۋېلىشى كېرەككى، ئىسلامنىڭ مەقستى پەقەتلا كىشلەرنىڭ ئېتىقادنى ئۆزگەرتىپ، بۇنىڭ بىلەن كىشلەر تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش. يەنە كېلىپ ئېتىقاد قۇرۇلۇشنى ئۆزگەرتىش. جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ كونكرېت شەكىللىرىنى كۆرستىپ بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئىمان قۇرۇلۇشى بىرلا ۋاقىتتا بىر «ئۈممەت» قۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئالاھىدە ئىدىيە شەكلى تىكلەش، بۇ خىل ئىدىيە شەكلىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە ئېتىقاد قۇرۇلۇشى، ھەم يەنە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنىڭ قەدىمى بىردەك

ماس قەدەمدە بولىدۇ. بۇ بىر پۈتۈن پىلانكى، ئالاھىدە ئىدىيە شەكلى، ئالاھىدە ئېتىقاد قارشى، ئالاھىدە جەمئىيەت قۇرۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر- بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئەگەر بىز ئىسلام يولىنى يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك چۈشەنگەن بولساق، بىز تېخمۇ بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى بۇ يول ئىزچىللىققا ئىگە، ئۇنى مەلۇم كونكرېت شارائىت ئىچىدە چەكلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. تۈنجى ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى دەۋر شارائىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىۋېلىشقا تېخمۇ بولمايدۇ. ئۇ بولسا ھەرقانداق ۋاقىت، دەۋر بولسۇن ئىسلام قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر يولىدۇ.

ئىسلامنىڭ ۋەزىپىسى، پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد قارشىنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ تەپەككۇر شەكلىنى، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشتۇر. چۈنكى ئىسلام يولى دېگەن ئىلاھى يول. بۇ يول (ماھىيەت) جەھەتتە بارلىق ئىنسانلارنىڭ تۇتۇق، يۈزەكى يوللىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بىز بۇ ئىلاھى تەپەككۇر شەكلىنىلا يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم. بولمىسا بىز ئىلاھى ئىدىيىسىنىڭ ئاڭ ۋە تونۇشقا قاراپ ماڭالمايمىز. ئاللاھ بۇ خىل يول ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيە شەكلىنى ياخشىغا يېتەكلەيدۇ. يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرلەپ كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قارشى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىدۇ.

بىز ئىسلامدىن، باشقىلارغا تەتقىقات ماتىرىياللىرى سۈپىتىدە تەتقىقات نەزەرىيەلەرنى تەمىنلەپ بەرسەك، بىز ئاللىقاچان ئىسلامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. ھەم ئىلاھى ئىدىيە شەكلىنىڭ ماھىيىتىگىمۇ خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. ئەگەر بىز ئىسلامنى ئادەملەر تۈزگەن ئىدىيە ئالدىدا باش ئەگدۈرسەك بىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇسۇلىنى ئادەملەرنىڭ ئۇسۇلىدىن پەس كۆرگىنىمىز بولمامدۇ؟!

بۇ ئىسلام يولىنىڭ ۋەزىپىسى بىز، دىن تارقاتقۇچىلارغا بىر خىل ئالاھىدە ئىدىيە شەكلىنى بېرىدۇ. بىز چۇقۇم ئۇنىڭ ياردىمىدە يەر شارىنى قاپلىۋالغان جاھالەتنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم. چۈنكى جاھالەت قالدۇقلىرى بىزنىڭ ئەقلىمىزنى بۇلغىغان، مەدەنىيىتىمىزنى بولغىغان. ئەگەر بىز بىر خىل ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە خىلاپ، سىرتتىن كەلگەن، ھازىرقى دۇنيادا ئېقىپ يۈرگەن جاھىلىيەتنىڭ ئىدىيە شەكلى بىلەن بۇ دىنغا مۇئامىلە قىلساق، بىز ئاللىقاچان ئىسلام ئىنسانلارغا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى خاراپ قىلىپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز ئۆزىمىزمۇ جەمئىيەتتىكى جاھىلىيەتچى ئىدىيە شەكىلىنىڭ بىزنى بوغۇپ قويۇشىدىن قۇتۇلۇش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولىمىز. ئۇنىڭ بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە، مۇھىتىمىزگە قالدۇرۇپ قويغان قالدۇقلىرىدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ياخشى پۇرسەتتىن ئايرىلىپ قالىمىز. بۇ خىل ئاقىۋەت ئىنتايىن خەتەرلىك، ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق، ئىسلامنى قۇرۇش جەريانىدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەت، تەپەككۇر شەكلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈلىكى، ئىسلامنىڭ ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش شەكلىدىن ھەرگىز قىلىشمايدۇ. ئۇلارنى قەتئىي ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. گەرچە بىزگە نىسبەتەن ئىسلام ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىش ئادەمنى ناھايىتى جەلپ قىلىسىمۇ، بىراق بىز ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ

قالماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ خىل تەشۋىقات ھەرگىزمۇ دۇنيادا بىر مەيدان رېئال ھەرىكەت قوزغىتالمايدۇ. بىز يەنە شۇنىڭغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ تەشۋىقات ئۇسۇلى ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن ھەقىقىي شۇغۇللانغۇچىلاردىن باشقا ھەرقانداق ئادەمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ خىل تەشۋىقات ئۇسۇلى پەقەت بۇ ھەرىكەت سىرتىدىكى ئادەملەرنىڭ بىزنىڭ ھەرىكەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىمىزگە بولغان ھېسسداشلىقىنى قوزغىتالايدۇ.

مەن يەنە تەكىتلەيكى، ئىسلام ئېتىقادى دەرھال بىر ھەرىكەتچان كىشىلەر توپى ئىچىدە گەۋدىلىنىشى كېرەك. بۇ ھەرىكەتچان كىشىلەر ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئەمەلىي مۇكەممەل گەۋدىلىنىشى ۋە ھەقىقىي تەسۋىرى بولۇش كېرەك. مانا بۇ، مۇقەددەس ئىسلامنىڭ ماھىيەتلىك يولى. بۇ ئەڭ ئالىي، ئەڭ توغرا، ئەڭ ئۈنۈملۈك، كىشىلەرنىڭ توغرا تەبىئىتىگە ئەڭ ماس يولدۇر. بۇ نوقتانى بىز باشقا ئادەملەر ئىجات قىلغان باشقا ئەنزىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ھەقىقىي شۇغۇللىنىشتىن، ئۆزىنى ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تىرىك تەسۋىرى قىلىشتىن، بۇ نەزەرىيە ئوقۇمنى قەدەممۇ ـ قەدەم گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىلگىرى ئىسلامى ئەمەلىيەتتىن ئايرىپ مۇستەقىل، مۇكەممەل «خىيال جەننەت» قىلىپ قويىدۇ، ئۇنى ئۆلۈك نەزەرىيە سۈپىتىدە كىشىلەرگە نامايان قىلىدۇ.

بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى جاھالەتچىلەر ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ نېرۋىسىغا بىسىم ئىشلىتىپ ئۇلارنى ئىسلام يولىدىكى بۇرچىنى ئۇرۇنلاش جەريانىدا ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويغىنىدەك، بەزىدە ئۇلارنى قالايمىقان قىلىش غەرىزىدە «سىلەر تەشۋىق قىلىۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي قائىدىلىرى قەيەردە؟ سىلەر ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك تەتقىقات خىزمىتى ئىشلىدىڭلار؟ قانچىلىك ئىلمىي تەتقىقات ماتىرىيالى تەييارلىدىڭلار؟ سىلەر ئاللىقاچان ھازىرقى زامان پىرىنسىپلىرى بويىچە قانۇن تۈزدۈڭلارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىشىدۇ. ئۇ خىل روھى ھالەت ئۇلار ھازىر ئىسلام قانۇنىغا ئەمەل قىلىشتا پەقەتلا قانۇن ـ تۈزۈملەر، ئىسلام قانۇن تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر كەم بولۇپ قالغاندەك ۋە ياكى ئۇلار ئاللىقاچان سەممىيلىك بىلەن چىن كۆڭلىدىن ئاللاھنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتى ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرغاندەك، ئۇلارمۇ پەقەت شەرىئەتنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم تاپالماي، ئاندىن ئامالسىز ھازىرقى زامان پىرىنسىپلىرى بويىچە قانۇن تۈزگەندەك گەپ قىلىشىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىزنى مەسخىرە قىلغانلىقى، ھەر بىر ئەقلى جايىدا ھەم بۇ دىنىنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشى بۇنى قەتئىي چۈرىۋېتىشى لازىم.

بۇ جاھىلىيەتچىلەر پەقەت بۇ پاراكەندىچىلىكلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسلام قانۇنىنى (ئامالسىز) رەت قىلغانلىقىغا ئەپچىل باھانە تاپماقچى بولىدۇ. پەقەتلا ئادەمنى ئادەم قۇل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىسلام يولىدىن ئازدۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى بىر مەيدان ئېتىقاد، ھەرىكەت شەكلىدىكى قۇرۇلۇشنى باشلاشتىن، ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنى سىنەتتىن، بۇ يولنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن يىراقلاشتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ تۈپ ماھىيەت بولسا نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە

ئىنكاس قىلغان، ئىسلامىيەت تۈرمۇشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى، ئەمەلىي تۈرمۇشتا ئىپنىق گەۋدىلەنگەن، تۈرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ ئىھتىياجىغا ئاساسەن، ھەرخىل قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، ئىسلامىيەت تۈرمۇشتىكى ئەمەلىي، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتۇر.

ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى بۇ خىل ئەھۋاللارغا پەرۋا قىلماسلىقى، بۇ خىل پۇت سىزىپ قويغاندەك، بىدئەت پەيدا قىلىدىغان ئالدامچىلار بىلەن كارى بولماسلىقى كېرەك. بۇلار (پاراكەندىچىلەر) يەنە ھېلىقىدەك ئويۇنلىرىنى قايتا ئوينىماسلىقى كېرەك. بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز بۇ سۈيقەستچىلەرنىڭ نىقابىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە تارمار قىلىشتۇر. ھەم پەقەت بىر ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلىدىغان جەمئىيەتتىكى «ئىسلام قانۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» نامى بىلەن ئاتالغان ھىلە ـ نەيرەڭلىرىنى قەتئىي چۈرۈۋېتىشتۇر.

[ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ]

## ئىسلام جەمئىيەتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكى

ئاللاھ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ بارغان ئىسلام تەشۋىقات ھەرىكىتى پەقەت ئىنسانىيەت تارىخى ئېقىنىدىكى ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىسلام تەشۋىقات ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، بۇ ھەرىكەت نىشانى پەقەت كىشىلەرگە ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي پەرۋەرشچىسى ۋە رىزق بەرگۈچىسىنى تونۇتۇش، كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىقىغا يېتەكلەش، شۇ ئارقىلىق ئۇ ئىنسانلارنى ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە بويسۇنۇشى ۋە ئادەملەرنىڭ باشقا يارالغۇچى نەرسىلەرگە بويسۇنۇشتىن ۋاز كەچۈرۈش ۋە ئۇنداق بويسۇنۇشتىن توسۇشتۇر.

پۈتكۈل ئىنسانىيەت (ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قىسقا مۇددەت شۇغۇللىنىشىدىن باشقا) كەسكىن ھالدا ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە رەبلىك (ئىگە خۇسۇسىيىتى) نى ئىنكار قىلالمايدۇ. ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئاللاھقا ئېتىقاد ياكى ئىبادەت شەكلىدە ياكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ۋە قارغۇلارچە ئەگىنىش شەكلىدە ئاللاھقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىككىسى «لا اله الا الله» پىرىنسىپىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىككىسى «لا اله الا الله» پىرىنسىپىغا تۈپتىن خاتادۇر. بۇلار ئادەملەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان ھالاكەتلىك يولغا باشلاپ قويىدۇ. ھەر بىر پەيغەمبەر كىشىلەرگە مۇشۇ پىرىنسىپنى يەتكۈزگەن. بىراق ئارىلىقنىڭ ئۇزۇرىشىن ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن كىشىلەر بۇنى تاشلىۋېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىققان جاھالەتلىك ھالىتىگە قايتىشتى. يەنە بىر قېتىم بۇ رەزىل قىلمىشلارنى سادىر قىلىشتى. بۇ ھەرىكەتلەر يا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت شەكىللىرىدە، يا ھۆكۈمرانلىق ئورنى ۋە قارغۇلارچە ئەگىشىش شەكلىدە ياكى ھەر ئىككىسى بىرلەشكەن شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مانا بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىسلام تەشۋىقاتىنىڭ ماھىيىتى, بۇنىڭ مەقسىتى، نىشانى: «ئىسلاملاشتۇرۇش»، ئىنسانلارنى ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىقتا بويسۇندۇرغان، ئىنسانىيەتنى ئادەمگە ئادەم بويسۇنۇشتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشقا يېتەكلەپ، ئىنسانىيەتنى ئىنسانلارنىڭ قۇللۇقتىن، ھۆكۈمرانلىقتىن، قانۇن ـ تۈزۈم، قىممەت قارىشى، ئەنئەنە ئادەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە قانۇننى قوبۇل قىلىپ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مۇتلەق بويسۇنۇشقا قايتۇرۇشتۇر. مانا بۇ «ئىسلاملاشتۇرۇش». مانا بۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، شۇنىڭدەك تارىختىكى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى.

ئىسلام دەل ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كائىناتنىڭ ئاللاھنىڭ ياراتقان قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بوسۇنغىنىدەك، ئىنسانلارمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشقا چاقىرىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى تەشكىللەيدىغان بۇ ھوقۇق دەل مۇقەررەر يوسۇندا كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىۋاتقان ئاشۇ ھوقۇق بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئىنسانىيەت پۈتكۈل كائىنات نورمال ھەرىكەت قىلىۋاتقان لاھىيەسىدىن چەتنەپ پۈتكۈل كائىنات قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئىزدەپ يۈرمەيدۇ.

ئەمىلىيەتتىمۇ ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈشى، ياشىشى، كېسەل بولۇشى، قېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ كائىنات قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغىنى يوق. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزى تاللاپ قىلغان ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەشكىللەش ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى تاللىشى ئەمەس.

ئىنسانىيەت ھەرگىزمۇ ئاللاھ ياراتقان ھەم باشقۇرۇۋاتقان بۇ كائىنات قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىسلامنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىختىيارى تاللىشى ۋە مۇقەددەس ئىسلام شەرىئىتى قانۇننى ئۆزىنىڭ ھەرقايسى ئىشلىرىنىڭ بىردىن بىر مىزانى، ئۆلچەم قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئىككى تەرىپى، تۇغما تەبىئى تەرىپى ۋە ئەركىن تاللايدىغان يەنە بىر تەرىپى مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ. بىراق جاھىلىيەت، ئادەملەر ئادەملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلدىغان بولغاچقا، بۇ كائىنات قانۇنىيىتى سىستېمىسىدىن چەتنەپ كەتكەن ھەم ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھېلىقى ئىككى تەرىپىدە توقۇنۇش يۈز بەرگەن. مانا بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا بويسۇنۇشقا چاقىرغان ئىسلامنى تارقىتىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن جاھىلىيەتتۇر. بۇ خىل جاھىلىيەت ھەرگىزمۇ ئابستىراكىت نەزەرىيە شەكلىدە ئىپادىلەنمىدى. ھەتتا بەزىدە ھېچقانداق نەزەرىيىسى بولمىدى! ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرىكەتچان ئومۇمى ئىچىدە گەۋدىلەندى ھەم بىر جەمئىيەتتە ئىزچىللاشتى، بۇ جەمئىيەت رەھبەرلىككە بويسۇندى. يەنى (بۇ جاھىلىيەتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى، قىممەت قارىشى، ئۆرپە ـ

ئادىتى، ھېسسىيات ئۇقۇمى) قاتارلىقلارغا بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ بىردەك ھەرىكەتلىنىپ پۈتكۈل جەمئىيەت ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ھەرىكەتلىنىپ جاھىلىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى قوغدىدى.

دەل جاھىلىيەتمۇ بىر خىل ئابستىراكىت قۇرۇق نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتچان ئادەملەر توپى ئىچىدە گەۋدىلەنگەچكە، ھەرقانداق زاماندا بۇ خىل جاھىلىيەتنى يوقىتىشنى ئويلايدىغان، ئىنسانلارنى قايتىدىن ئاللاھقا بويسۇنۇشقا يېتەكلەيدىغان تىرىشچانلىقلارمۇ بىر خىل ئابستىراكىت نەزەرىيە شەكلىدە بولماسلىقى لازىم. بولمىسا مەقسەتكە يېتىش ئېغىزدە شەھەر ئالغاندەك نەتىجىسىز بولىدۇ. چۈنكى بۇ نەزەرىيە بۇنداق ۋاقىتتا ئەمەلىيەتكە ئايلانغان جاھالەتكە تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئادەتتىكى ئوبيېكتىپ قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندىمۇ ئاللىقاچان ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ بولغان بىر سېستىمىنى يوقىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولغان بىر سېستىمىنى دەسسىتىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، بۇ جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل تىرىشچانلىق چوقۇم جانلىق ھەرىكەت قىلالايدىغان ئىسلام يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان بىر گورۇھ كىشىلەر ئىچىدە گەۋدىلىنىشى كېرەككى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ۋە تەشكىللەش ئاساسى، ئىچكى مۇناسىۋەت قۇرۇلمىلىرى چوقۇم ھېلىقى جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن ئىلغار بولۇشى لازىم.

ئىسلامنىڭ پۈت تىرەپ تۇرىدىغان نەزەرىيىۋى پىرىنسىپى بولسا «لا اله الا الله» غا گۇۋاھلىق بېرىش، يەنى ئاللاھنىڭ ھەم ياراتقان، ھەممىنى تەربىيە ـ پەرۋىش قىلغان بىردىنبىر ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ تەسەررۇپ قىلغۇچىسى، ھۆكۈمرانى، قانۇن تۈزگۈچىسى دېگەنلەرنى ھەقىقىي تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىشتۇر. ھەم بۇ نۇقتىنى قەلبدە مۇستەھكەم ئىگەللەپ، ئىبادەت شەكىللىرىدە ئىجرا قىلىپ، ئىسلام قانۇنىنى رېئال تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتۇر. پەقەت بۇ 3 نى جانلىق مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل، ئۆزۈل ـ كېسىل ھالدا تۇرمۇشتا ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەم بۇنى مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئارىسىدىكى پەرىق، ئۆلچە قىلىش كېرەك. بولمىسا «لا اله الا الله» دىن ئىبارەت بۇ گۇۋاھلىق سۆزى مەيلى ئەمەلىيەتتىن ياكى ئىسلام قانۇنىدىن قارىغاندىمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن بۇ پىرىنسىپنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىنىڭ ئاللاھقا قايتىدىغانلىقىدىن، ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر ئىشىدا، ھەربىر تەرىپىدە ئۆزىنىڭ ئىختىيارىچە قانۇن تۈزمەيدىغانلىقىدىن چوقۇم ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن قانۇنىغا قايتىدىغانلىقى ۋە ئەمەل قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تونۇش چوقۇم بىرەر تونۇشتۇرغۇچى ۋاستە بىلەن بولىدۇ. بۇ دەل ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. يەنى: «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن ئىسلامنىڭ بىرىنچى رۇكنىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا گەۋدىلىنىدۇ.

بۇ دەل ئىسلامنى گەۋدىلەندۈرىدىغان پىرىنسىپ، بۇ پىرىنسىپ پۈتكۈل تۇرمۇش سېستىمىسىدا ئەمەلىيلەشكىنىدە ئۇ بىر مۇكەممەل تۇرمۇش يولى ئېلىپ كېلىدۇ. مەيلى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىچىدە

ياكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ سىرتىدا بولسۇن، مۇسۇلمانلار مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەخسى تۇرمۇش ۋە كوللىكتىپ تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ. ئىسلام جەمئىيەتىنىڭ ھەرخىل ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى شۇنىڭدەك باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان تاشقى مۇناسىۋىتىنى قۇرىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام بىر خىل ئابستىراكىت نەزەرىيەدە گەۋدىلەنمەيدۇ. ھەم ئىسلام ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرنى، ئىبادەت قىلغانلارنى مۇشۇ سەۋىيەدە توختاپ قىلىپ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك يۈرگۈزۈلىۋاتقان جاھالەت تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاما ئىچىدە بىر ئەزا بولۇشنى خالىمايدۇ.

ئۇلار بۇ خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، سانى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتىيىتىگە (ماھىيىتىگە) يېتەلمەيدۇ. چۈنكى «نەزەرىيىدىكى مۇسۇلمان» يەككە ئەزا سۈپىتىدە جاھىلىيەت جەمئىيىتىدە ياشىسا مۇقەررەر يوسۇندا بۇ جەمئىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە ئاۋاز قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزى خالاپ ياكى مەجبۇرى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا بۇ جەمئىيەتتە ياشاش جەريانىدا بۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتىنى ھىمايە قىلىدىغان قوغدايدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى بارلىق ئادەملەر بىرلىكى ھەمىشە ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن بۇ رولنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

مۇنداق دېگەنلىك «نەزەرىيەدىكى مۇسۇلمانلار» نىڭ بەزىسى يەنىلا ئۆزى «ئېغىزدا پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولغان» جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ ۋە جاھىلىيەتنىڭ ياشىشى ۋە داۋاملىششىغا پايدىلىق شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بۇ جاھالەت جەمئىيىتىنى پاچاقلىۋېتىش ئۈياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە يەنىلا ئۇنىڭغا ئۇزاقراق ياشاش، كۈچلىنىشىنىڭ ئۇسۇلىنى تەجربە، تەدبىرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

شۇڭلاشقا ئىسلامنىڭ نەزەرىيىۋى ئېتىقاد پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدىغان، جاھالەتكە قارشى تۇرالايدىغان جانلىق بىر ھەرىكەتچان بىر جامائەت قۇرۇشىمىز كېرەك. ھېلىقى ئىسلام سۈپۈرۈپ تاشلاشنى كۆچەپ كۆزلەۋاتقان جاھالەتچە جامائەتتىن مۇستەقىل، ئۇزۇل ـ كېسىل چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. بۇ يېڭى جامائەتنىڭ قوبۇل قىلىدىغىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ رەھبەرلىكىدۇر. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ مەركەز ئىنسانىيەتنى ئاللاھقا قايتۇرغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلغان، ئاللاھنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە زېمىندا ئاللاھنىڭ دۆلىتىنى قۇرغان ھەقىقى بىر ئىسلام رەھبەرلىكى ئىچىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ھەر بىر «لا اله الا الله محمد رسول الله» دەپ گۇۋالىق بەرگەن كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ جاھالەت جەمئىيىتىگە بولغان ساداقىتىنى قەتئىي ئۈزۈشى كېرەك. مەيلى يۈلتۈزغا قاراپ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئېيتىپ بېرىدىغان راھىب، پوپ شەكلىدىكى دىنىي رەھبەرلىك ۋە ياكى قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھىلىگەر، قۇۋ تۈزۈملىرىگە ئوخشاش سىياسى، ئىقتىسادى ياكى جەمئىيەت رەھبەرلىكى بولسۇن، ئۇلار پەقەتلا يېڭى ئىسلام جەمئىيىتىگە، ئاللاھقا بويسۇنىدىغان رەھبەرلىككە سادىق بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتا، ئادەملەر «لا اله الا الله» دېگەن كۈندىن باشلاپ ئەمىلىيلىشىش كېرەك. بولمىسا ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ

قەلبىدە نەزەرىيىۋى پىرىنسىپ تىكلەنسە ئەمەلىي تەشكىلى گەۋدە ھەم مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە خۇجا بىر جامائەت ئىچىدە ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى خۇددى جانلىقلارنىڭ تېنىدىكى ھۇجەيرىدەك خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جامائەتنى مۇستەھكەملەيدۇ. چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، كېڭەيتىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى تەركىبلىرىنى ھەرخىل زىيانكەشلىكلەردىن، خەتەردىن ساقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاھىلىيەت جەمئىيىتى رەھبەرلىكىدىن قۇتۇلىدۇ. جاھىلىيەت رەھبەرلىكىدىن مۇستەقىل، ئايرىم بىر رەھبەرلىك ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەشكىللەيدۇ، تەڭشەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلام گەۋدىسىنى كەڭەيتىش، تەرەققى قىلدۇرۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەم جاھىلىيەت جەمئىيىتىنى يوقۇتۇش، قارشى تۇرۇش قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بولمىسا بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز.

ئىسلام مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلدى. ئۇ «لا اله الا الله» دېگەن باش پىرىنسىپقا گەۋدىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتكۈل تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنى ئاساس قىلىپ تەڭ ھەمدە ھەرىكەتچان، تەشكىلى جەھەتتە جاھالەتكە بېقىنماي، ئۇنىڭدىن ئايرىم مۇستەقىل چەك ـ چېگرا ئاجرىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوت ئاچىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئىسلام ئۈممىتىنى قايتا قۇرالايمىز. ھەرقانداق دەۋر، ھەرقانداق يەردە ئەگەر ئىسلام ھەرىكىتىنى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققى قىلىش دېگەندەك ئالاھىدىلىكلىرىنى چوقۇم چۈشەنمىسە، جاھالەت ئاستىدا قالغان ئىسلامنى قايتا گۈللەندۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

ئىسلام مۇشۇ يول پىرىنسىپىغا ئاساسەن ئىسلام «ئۈممىتى» نى قۇرىدۇ. جانلىق تەشكىلىي جامائەتنىڭ ھەرىكىتىنى بۇ ئۈممەتنى قۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئىمان كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئاغامچا قىلىدۇ. ئۇنىڭ نىشانى: ئىنساننىڭ ئادىمىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. ئىسلام ئۆزىنىڭ بارلىق پىرىنسىپ، ئەھكام، قانۇن ـ تۈزۈملىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقا ئىگە بولغان بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئادەملەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ نۇرغۇن ئورگانىك جانلىقلار بىلەنمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرى بار. مانا مۇشۇ نۇقتا «ئىلمىي جاھالەت ۋەكىللىرىنىڭ كۆزىنى تۇرلاشتۇرۇپ تويۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويىدى. ئۇلار بەزىدە ئادەملەرنى بارلىق ھايۋانلارغا ئوخشاش بىر ھايۋان دەپ قاراشسا، ھەتتا بەزىدە باشقا بارلىق ئورگانىك ماددىلارغا ئوخشاش بىر ماددا دەپ قارايدۇ. ئىنسانلارنىڭ گەرچە ھايۋانلار ۋە ماددىلار بىلەن مەلۇم ئوخشاش تەرەپلىرى بولسىمۇ، بىراق ئىنسانلار ھەممە جانلىقتىن ھۆرمەتلىك قىلىنغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە، خۇددى «يېڭى جاھىلىيەت» تەرغىباتچىلىرى ئامالسىز ئېتىراپ قىلغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى ئۇبىكتىپ پاكىتلاردىكى ئېنىق دەلىللەر ئۇلارنى ئامالسىز قالدۇردى. ھەم بۇ نۇقتىنى خالىمىسىمۇ مۇجمەل ھالدا ئېتىراپ قىلدى.

بۇ جەھەتتە ئىسلام يولى پارلاق ئەمەلىي نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئىمان (ئېتىقاد) نى ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ يادروسى قىلىدۇ، ھەم باشقا بىر خىل ئادەمنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان

سەپسەتىنى مەسىلەن: ئىرق، مىللەت، زېمىن، رەڭ، تىل شۇنىڭدەك دۆلەت، رايون، ئىقتىسادىي مەنپەئەت دېگەندەك نەرسىلەرنى قەتئىي چۆرۈۋېتىدۇ. بۇ جەھەتتە (ھايۋانلار بىلەن بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ئەمەس) ئادەمنىڭ ھېلىقى ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇ پارلاق نەتىجىلەرنىڭ بىرى شۇكى بۇ يول ئىسلامى جەمئىيەتنى بارلىق ئىرق، مىللەت ئىشقىلىپ ھەرقانداق ئىنسانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. ھەم ئىنساننىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن زىت بولغان بارلىق ھايۋانى، ياۋايىلارچە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىدارى، قابىلىيەت ئەقىل - پاراسىتىنى غايەت زور ئىسلام ئېقىمىغا سېلىپ ئۇنى تاۋلاپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان ئىسىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى يېشتۈرۈپ چىقىدۇ. تارىختىمۇ بۇ ساداقەت بىلەن ھەمكارلاشقان بۇ قەھرىمانلار ئۇلۇغ، يۈكسەك مەدەنىيەتنى ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت ئاشۇ دەۋرلەردىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. گەرچە شۇ ۋاقىتتا قاتناش، ئالاقە ئىشلىرى قالاق، جاپالىق بولسىمۇ بۇ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن.

پارلاق ئىسلامى جەمئىيەت ئەرەبلەر، تۈركلەر، ھىندىلار، رۇملۇقلار، گىرىكلەر، ھىندونوزىيەلىكلەر، ئافرىقىلىقلارنى ئۆزىگە توپلىغان ھەتتا ئوخشاشمىغان مىللەت ۋە ئىرقلار بىردەك ھەم ماس ھالدا ئىسلامى جەمئىيەتنى قۇرغان. يەنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرقايسى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، سەمىمىي ھەمكارلىشىپ ئىسلامى جەمئىيەتنى قۇرغان. ئىسلام مەدىنىيىتىنى ياراتقان، بۇ خىل ئالەمشۇمۇل مۆجىزاتتەك تارىخىي مەدىنىيەت تارىختا بىرەر كونىمۇ ئەرەبلەرنىڭ مەدىنىيىتى بولۇپ قالمىغان، بەلكى ئىسلامنىڭ مەدىنىيىتى بولغان. بىرەر كونىمۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى مىللىي مەدىنىيەت ئەمەس. بەلكى ئىزچىل ھالدا ئىسلام ئېتىقادىنىڭ مەدىنىيىتى بولدى. ئۇلار باراۋەر پىرىنسىپ، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق روھى بىلەن بىر ئورتاق نىشانغا مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ئىلگىرىلەيدۇ. پۈتۈن كۈچ بىلەن بارلىق ئەقلىي، زېھنىي قابىلىيىتىنى تەقدىم قىلىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەردىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ شەخسىي تەجرىبە مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرى، تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى مۇشۇ يۈكسەك بىر ئىسلام جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن بېغىشلاۋاتىدۇ. ئۇلار باراۋەر، ئورتاق ھالدا بۇ جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە يېپىشقاقلىق ماھىيەتتە ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. بۇ جەمئىيەتتە ئادىمىيلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك توسالغۇسىز گەۋدىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچقانداق بىر جەمئىيەت (ئىسلام جەمئىيىتىن باشقا) يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرەلمىگەن!

ئالايلۇق، تارىختىكى ئەڭ چوڭ جەمئىيەتنىڭ بىرى رىم ئىمپېرىيىسى ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئىرىق، مىللەتلەر بۇ جەمئىيەتتە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادىمىيلىك، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلمىغان، بەلكى سىنىپى زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان سىنىپىي جەمئىيەت. يەنە بىر تەرەپتىن ئىمپېرىيە رىم مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان

جەمئىيەت. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى. باشقا ھەرقايسى مىللەتلەر ئېزىلگۈچى قۇللۇق ئورنىدا ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ خىل جەمئىيەت ئىسلامى جەمئىيىتىدەك ئۇنداق يۈكسەك پەللىگە يېتەلمىگەن. ئىسلامى جەمئىيەت قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن.

ئوخشاشلا ھازىرقى زامان تارىخىدىمۇ نۇرغۇن جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. مەسىلەن: ئەنگىلىيە ئىمپىراتورلۇقىنى ئالايلى، ئەملىيەتتە ئۇمۇ رىم ئىمپىرىيەسىنىڭ جەندىسىنى كىيىۋالغان! ئۇ بىر مىللىي ئېكسپىلاتتاتسىيە جەمئىيىتى. ئىمپىرىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى ئېكسپىلاتتاتسىيە قىلىش ئۈستىگە، ئېنگىلىز مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ياۋروپادىكى باشقا ئىمپىرىيەلەرمۇ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى شۇنداق ۋەھشى، ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ.

كوممۇنىزىممۇ بىر يېڭىچە شەكىلدىكى ئىرق، مىللەت، تىل، دۆلەت ھالقىغان بىر جەمئىيەت قۇرماقچى بولغان. بىراق ئۇ ئادىمىيلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلماستىن بەلكى ئەكسىچە سىنىپى زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان. كوممۇنىزىم جەمئىيىتىمۇ قەدىمىي رىم جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرىپىنى ئالدى. ئۇ يەردە ئاقسۆڭەكلەر ھەممىنى ئىگەللىۋالغان. ئۇ يەردە «پرولتارىيەت زاتلار» جەمئىيەتنىڭ ئالىي ئورنىغا چىقىۋالغان. بۇ خىل جەمئىيەتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان يوشۇرۇن كەيپىياتى باشقا بىر سىنىپقا بولغان يوشۇرۇن ئۆچمەنلىكتۇر. بۇ خىل شەخسىيەتچى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىدىكى جەمئىيەت پەقەت ئىنسانلار تەبىئىتىنىڭ ئەڭ پەسكەش يەرلىرىنى مۇجەسسەملەپ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. مەيدانغا كېلىش بىلەنلا ئۇنىڭ ئاساسىي قۇرىدىغىنى ئادەملەرنىڭ ياۋايىلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇش مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۈپ ئېھتىياجىنى پەقەت يېيىش، ئىچىش، جىنسىي ھەۋەس دەپ قارايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى پەقەت يېمەكلىك ئىزدەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخى دەپ قارايدۇ!

ئىسلام ئۆزىنىڭ مۇقەددەس يولى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئالاھىدە ئالىي، خاس خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇنى ئۆستۈرىدۇ. يۈكسەلدۈرۈپ بىر ھەقىقى ئادەملىك جەمئىيىتىنى قۇرىدۇ. بۈگۈنكە قەدەر ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ھېلىقى ئىسلام يولىدىن چەتنەپ باشقا يولغا كىرىپ كەتكەنلەر مەيلى قانداق ئىرقىي كەمسىتىش، مىللىي تېرىتورىيە ئايرىمچىلىقى، سىنىپىي ئاڭ... ھەتتا ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن نەزەرىيە ئەندىزىلەرنى قوللانسىمۇ ئاقىۋەتتە يەنىلا ئىنسانىيەتنىڭ كۆشەندىسىدۇر. ئۇلار ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا ئاللاھ ئىنسانلارغا بەرگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق، سەمىمىلىك بىلەن بىردەك ھەمكارلىشىپ، ئوخشىمىغان قابىلىيەتنى كەڭ ئىشقا سېلىپ زور مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرگۈزمەسلىكىنى ئويلايدۇ.

بۇ خىل ئادەملەر توغرىلىق ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

[سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟.

ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر.

ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز. كاپىر بولغانلىقلىرى، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر.] سۈرە كەھف 103 - تىن 106 - ئايەتكىچە.

## ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش

ئىمام ئىبنى قەييىم «ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «پەيغەمبەرنىڭ ۋەھيىنى قوبۇل قىلىپ تاكى قەبرى روھ بولغۇچە ئارىلىقتا مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچى» دېگەن بابتا ئىسلامدىكى جىھادنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تەرتىپىنى قىسقىچە بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق يازغان: ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە قىلغان بىرىنچى ۋەھيىسى [ياراتقان رەببىڭنىڭ نامى بىلەن ئۇقۇغىن] (سۈرە ئەلەق 1- ئايەت) دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

مانا بۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋەھىنى قوبۇل قىلىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى قەلبىدە ئوقۇشنى بۇيرۇدى. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تېخى تەشۋىق قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا [ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغان پەيغەمبەر، ئورنۇڭدىن تۇر، ئاگاھلاندۇر] دەپ ۋەھيى چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ ئاللاھ ئۇنى بىرىنچى قېتىملىق ۋەھيدىكى [ئوقۇغىن] دېگەن ئايەت بىلەن پەيغەمبەر قىلدى. يەنە [ئاگاھلاندۇر] دېگەن ئايەت بىلەن ئۇنى بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان ئەلچى قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا يېقىنلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن جەمەتىنى، قەبىلىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئەرەبلەرنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەتنى دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 13 يىل دىننى ئاغزاكى تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ياكى ئۇرۇش قىلمىدى. ياكى جىزيە ئالمىدى. بۇ جەرياندا ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، سەۋرلىك، ئىرادىلىك، باشقىلارغا ئىللىق بولۇشقا بۇيرىدى. كېيىن ئاللاھ ئۇنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيردى. يەنى ئۇنى دۈشمىنىنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھۇجۇم قىلىشقا دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشمىگەن، ئوتتۇراھال پوزىتسىيىدە بولغان كۆپ ئىلاھلىق دىندىكىلەرگىمۇ ئۇرۇش ئېچىشقا، تاكى بارلىق ھوقۇق ئاللاھقا خاس بولغۇچە، جىھاد قىلىشقا بۇيرىدى. جىھاد بۇيرۇقى چۈشكەندىن كېيىن مۇشرىكلار (دىنغا ئىشەنمىگۈچىلەر) ئۈچكە بۆلۈندى. 1) مۇئاھىدە تۈزگەنلەر، 2) ئۇرۇش قىلىۋاتقانلار، 3) ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ياكى ئىسلام ھۆكۈمىتى ھىمايىسىدىكى كىشىلەر، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇئاھىدىگە رىئايە قىلىشقا، تىنچلىق ساقلاشقا، پەقەت ئۇلار مۇئاھىدىدە چىڭ تۇرىسىلا سەممىي مۇئامىلە قىلىشقا، ئەگەر ئۇلارنىڭ قەسمىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشتىن قورقسا، مۇئاھىدىنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىشكە، بىراق ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا، قاچانكى ئۇلار قەسمىگە (مۇئاھىدىگە) خىلاپلىق قىلغاندىلا ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىشقا بۇيرىدى.

ئاللاھ سۈرە «تەۋبە» نازىل قىلغاندا ئاللاھ بۇ ئۈچ خىل كىشىگە ئېنىق ھۆكۈم چىقارغان. ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەر جىزىيە تاپشۇرغۇچى ياكى ئىسلام بەيئەت قىلغۇچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا، ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلەرنى قىلىچ بىلەن بويسۇندۇردى. مۇناپىقلارغا قارشى ئېنىق دەلىل ـ ئىسپاتلار، تەشۋىقاتلار بىلەن تەشۋىق قىلدى. «تەۋبە» سۈرىسىدە ئاللاھ كۆپ ئىلاھلىق دىندىكىلەر بىلەن بولغان مۇئاھىدىنى مۇددىتى توشقىچە ساقلاپ، مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئۇنى توختىتىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ مۇئاھىدە تۈزۈلگەنلەر ئۈچكە بۆلۈندى. 1) ھېلىقىدەك مۇئاھىدىگە خىلاپلىق قىلغانلار، ئاللاھ ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن غەلبە قىلغۇچە ئۇرۇش قىلدى. 2) ۋاقىتلىق مۇئاھىدە توختىمى تۈزۈشكەنلەر ۋە خىلاپلىق قىلمىغانلار ۋە رەسۇلۇللاھ ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلمىغانلار، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلار بىلەن مۇئاھىدە ساقلاشقا بۇيرىدى. 3) ھەم مۇئاھىدە تۈزمىگەن، ھەم رەسۇلۇللاھقا ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلمىغان ئادەملەر شۇنىڭدەك قەرەلسىز مۇئاھىدە تۈزۈشكەنلەر، ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى ئۇلارغا تۆت ئايلىق مۆلەت ئىچىدە كەڭچىلىك بېرىشنى، مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ خىلاپلىق قىلغۇچىلار يوقىتىلدى. خىلاپلىق قىلغۇچىلار مۇددىتى ئېنىق بولمىغان مۇئاھىدە تۈزۈشكۈچىلەرگە تۆت ئايلىق كەڭچىلىك بېرىلدى. ئاللاھ پەيغەمبەرگە تۆت ئايلىق مۇددەت توشقۇچە تەخىر قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ كىشىلەر ئىسلامغا كىردى ۋە كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇشتىن يىراقلاشتى.

ھىمايە ئىچىدىكى كىشىلەر جىزىيە تۆلىدى. بۇنىڭغا كەلگەندە «تەۋبە» سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشىغا ئەگىشىپ مۇشرىكلارمۇ ئۈچكە ئايرىلدى. 1) ئاشكارا ئۇرۇش قىلغان دۈشمەنلەر. 2) شەرتنامە تۈزگۈچىلەر. 3) ھىمايىدىكىلەر. ئەڭ ئاخىرىدا شەرتنامە تۈزۈشكەنلەر ئىسلامغا كىردى. دىنغا ئىشەنمىگۈچىلەر، ئاشكار دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار ۋە ھىمايىدىكى كىشىلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. ھېلىقى ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلغۇچى كىشىلەر ھەمىشە قورقۇنۇچ، دەككە ـ دۈككىدە رەسۇلۇللاھتىن قورقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئادەملىرى ئۈچكە ئايرىلدى. 1) ئىشەنگۈچىلەر ۋە بويسۇنغۇچىلار. 2) تېنچلىقنى ساقلىغۇچىلار ۋە دوستلار. 3) دۈشمەنلىك قىلغۇچى ۋە ۋەھىمە ئىچىدىكىلەر، پەيغەمبەرنىڭ مۇناپىقلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولدى. ئۇلارنىڭ تاشقى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىپ قەلبىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. ئۇلارغا قارشى ئېنىق دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن كۈرەش قىلدى. كەڭچىلىك قىلدى. گۈزەل سۆزلەر بىلەن قەلبىنى ئېرىتتى. يەنە ئوخشاش ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەتلەرگە ھەرگىز مۇرەسسە قىلمىدى. ئۇلارنى قەتئىي تاشلىدى. ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى ئۇلارنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشنى، قەۋرىسىگە چىقىپ دۇئا قىلىشنى چەكلىدى. يەنى رەسۇلۇللاھنى ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى. ئاللاھ رەسۇلۇللاھقا دىدى: «رەسۇلۇللاھ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلسىمۇ، مەن ئۇلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن». قىسقىسى بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلارغا تۇتقان

مەيدانى. بۇ قىسقىچە بايان مۇفەسسەل، چوڭقۇر ھالدا ئىسلام جىھادىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخى باسقۇچلىرىدا گەۋدىلەندى. بۇ دىن ئېلىپ بارغان ھەرىكەت ۋە يوللاردىكى چوڭقۇر. خاس ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلىغان. بۇ بىزنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىراق بىز بۇنى ئىخچام، يىغىنچاقراق چۈشەندۈرىمىز. 1- ئالاھىدىلىكى: ئىسلام يولىنىڭ ئاكتىپچانلىقى، ئەمەلىيەتچانلىقى ۋە رېئاللىقى. ئۇ ئاۋال ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇش ھالىتىگە يۈزلەنگەن بىر مەيدان ھەرىكەت بولىدۇ. بۇ رېئال جەمئىيەت شەرت - شارائىتى بىلەن ماسلاشقان ھەرخىل تەدبىرلەر بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ رىقابەتچىسى ماددىي، ئەمەلىي كۈچ قۇغداۋاتقان، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسىي تۈزۈم ئۈستىگە قۇرۇلغان، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرىۋاتقان جاھىلىيەتچى دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقادى قاراشتۇر. شۇڭلاشقا ئىسلام ھەرىكىتى تىغمۇ - تىغ ئۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ سۆزلەپ قايىل قىلىش ۋە تەشۋىقات ئۇسۇلى بىلەن ھەرخىل خاتا ئېتىقادىي قاراش، دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇنداقلا ئەمەلىي كۈچ ۋە جىھاد قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان سىياسىي ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇنداق ھاكىمىيەت ئىسلامنىڭ تەشۋىقات ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە دۇنيا قارشىنى ئۆزگەرتىشىنى توسىدۇ. ھەم زوراۋانلىق بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى بويسۇندۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ توغرا يولىدىن چەتنىتىپ، ئادەمگە بويسۇندۇرىدىغان ھالاكەت يولىغا باشلايدۇ. ئىسلام شەخسىي ئېتىقاد مەسىلىرىدە قورال كۈچى ئىشلەتمىگىنىگە ئوخشاش، زوراۋان ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقى بىلەن بولغان كۈرەشتىمۇ ئاغزاكى تەشۋىقات بىلەن كۇپايىلەنمەيدۇ. بۇ ئىككى نۇقتا ئىسلام يولىدا بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان پىرىنسىپتۇر. ئۇ ئىككىسى تەڭ ئېلىپ بېرىلىپ ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىپ ئادەملەرنى ئادەملەرگە بويسۇنۇشتىن بىر ئاللاھقا بويسۇنىدىغان يۈكسەك پەللىگە يېتەكلەيدۇ.

2- ئالاھىدىلىكى: ئىسلام يولىنىڭ كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئالغا ئىنتىلىدىغان خۇسۇسىيىتى ئۇ ئوخشىمىغان باسقۇچلاردىن تۈزۈلگەن (شەكىللەنگەن) ھەرىكەت، ھەر بىر باسقۇچ ئۆزىنىڭ رېئال ئەمەلىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كونكرېت تەدبىرلەر بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. ئەمەلىي شارائىت ئۆزگەرگەنسېرى، باسقۇچلارمۇ پەيدىن - پەي تەدرىجى ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بۇ دىن ئابستراكت نەزەرىيەلەر بىلەن رېئاللىققا يۈزلەنمەيدۇ. ئوخشاشلا ئۆلۈك، دوگما تەدبىرلەر بىلەن مۇرەككەپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ھەرخىل باسقۇچتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلمايدۇ. ھېلىقى قۇرئان ئايەتلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ جىھادنى بايان قىلىدىغان، بىراق بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمايدىغان كىشىلەر ئىسلامىي جىھادنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى بۇ خىل باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىكىنى ھەم ئوخشىمىغان باسقۇچلاردا چۈشكەن ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەنمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئوخشىمىغان باسقۇچنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكىنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەن، ئىسلام يولىنىڭ ھەقىقى، ئەسلى قىياپىتىنى بۇرمىلىۋەتكەن. قۇرئان ئايەتلىرىگە ئەزەلدىن ئۆز ئىچىگە ئالمىغان پىرىنسىپ، مەنا، ئۆلچەملەرنى تاڭغان. بۇ ئۇلارنىڭ

ھەر بىر ئايەتنى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم، خۇلاسە قىلىپ قوبۇل قىلىشقا ئۇ ئايەتنى بۇ ئۇلۇغ ئىسلام دىنى سىستېمىسىنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمىگە ۋەكىل قىلىپ قويغانلىقىدۇر. ئۇ خىل كىشىلەر ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ھازىرقىدەك ھالەت ئاستىدا روھىي ھەم ئەقلىي قورالىنى تاشلاپ قويدى. ئۇلار ھازىرقى بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا (ئەمىلىيەتتە قىياپىتى مۇسۇلمان، روھى مۇسۇلمان ئەمەس) «ئىسلام پەقەت ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار تېخى جاھادنى ئىسلام سىستېمىسىدىن چىقىرىۋېتىپ «بۇ دىن، ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپە يارىتىپ بەردۇق» دەپ قارىشىدۇ. بىراق ئىسلام، زېمىندىكى بارلىق ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقنى يوقىتىپ كىشىلەر بىر ئاللاھقا بويسۇندۇرىدۇ. ئىنسانىيەتنى ئادەمگە بويسۇنۇشتىن ئازات قىلىپ بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئىسلام كىشىلەرنى قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلاپ بۇ ئېتىقادنى مەجبۇر قىلىشقا زورلىمايدۇ. بىراق بۇ ئىسلام كىشىلەرنى بىر خىل ئەركىن شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئويلايدۇ. يەنىي ئەركىنلىكنى تارتىۋالغان سىياسىي ھاكىمىيەتنى بويسۇندۇرۇپ جىزىيە ئېلىپ ئېتىقاد (ئىمان) ۋە ئادەم ئارىسىدىكى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ بىر ئەركىن شارائىت ياراتقاندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەر ئىختىيارى ھالدا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقنى قارار قىلىدۇ.

3ـ ئالاھىدىلىكى: ئىسلامنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ھەرىكىتى ۋە ھەرقايسى قوللانغان باسقۇچلىرى توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرغان تەدبىرى ۋە سىياسەتلەر، ھەرگىزمۇ ئىسلامنى بەلگىلىگەن پىرىنسىپ ۋە ئاخىرقى غايىدىن، نىشاندىن ئايرىۋەتمەيدۇ. ئىسلام بارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا پەيغەمبەر مەيلى يېقىن تۇغقانلىرىغا، مەيلى قۇرەيش ۋە باشقا ئەرەبلەرگە، مەيلى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەشۋىق قىلسۇن بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپى پەقەتلا بىر بولۇپ كەلدى. بۇ بولسىمۇ بىر نىشانغا يېتىشنى، بىر نىشاننى كۆزلەشنى تەلەپ قىلىش، يەنى ئادەمگە ياكى باشقا نەرسىلەرگە بويسۇنۇشنى تاشلاپ پەقەت بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشتۇر. بۇ پىرىنسىپنى ئىجرا قىلىشتا ھەم مۇرەسسە قىلىنمايدۇ. ھەم يول قويۇلمايدۇ، مۇشۇ پىرىنسىپقا ئاساسلىنىپ بىر يۈرۈش بەلگۈلەنگەن كۆرسەتمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق بىردىنبىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ كۆرسەتمىلەرنىڭ بەلگىلىك تارىخىي باسقۇچلىرى بار. ھەر بىر تارىخىي باسقۇچنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تەدبىر، سىياسەتلىرى بار. بۇ نۇقتا توغرىلىق يۇقىرىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتۇق.

4ـ ئالاھىدىلىكى: ئىسلام مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بىلەن باشقا تىپتىكى (شەكىلدىكى) جەمئىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈچۈن قانۇن ـ نىزام تۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتا بىز بايان قىلغان «ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقى» دېگەن كىتابتىكى ھېلىقى قىسقا باياندا ئاللىقاچان چۈشەندۈرۈلدى. بۇ مىزان ئىسلام ئۈستىگە يەنى ئاللاھقا بويسۇنۇش تۈپ ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ دېگەنلىك ئىسلام پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ چوقۇم ھىمايە قىلىشى ۋە بۇنىڭدا تېنچ ـ ئىتتىپاق تۇرۇشى، دۈشمەنلەشمەسلىكى كېرەك بولغان خەلق ئارا نىزامدۇر. شۇنداقلا ھەرقايسى سىياسىي تۈزۈم ۋە ھەربىي كۈچلەر ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توسماسلىقى لازىم. ھەر بىر ئادەم ۋە ئىسلام ئارىسىدا بىر ئەركىن شارائىت يارىتىلىدۇ. قايسىنى تاللاشنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بەلگۈلەيدۇ. بىراق قورال كۈچى بىلەن قارشى

تۇرماسلىقى ۋە ئىسلامغا ھۇجۇم قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر قوراللىق ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا ئىسلام ئۇنىڭغا قايتارما زەربە بېرىشكە، تەسلىم قىلىش ۋە يوقىتىشقا پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق!

ھېلىقى روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە مەغلۇبىيەتچىلىك كەيپىياتىدا بولغانلار ھەم ئىسلام ئۆچۈن ئۇنىڭغا يېپىشۋالغان ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈش مەقسىتىدە «ئىسلام دىنىدا جىھاد» ھەققىدە ماقالىلارنى يېزىشتى، ئۇلار بۇ دىندىكى «دىنغا ئىشىنىشتە زورلاش يوق» دېگەن ئېنىق ئايەت، پىرىنسىپ ۋە ھېلىقىدەك ئىسلانلارنىڭ ئاللاھقا بويسۇنۇش ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىپ، يەنى ئادەملەرگە قۇل قىلىدىغان سىياسىي تۈزۈم ۋە ھەربىي كۈچلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدۇ. بۇ بولسا بىر ـ بىرىگە ھېچ مۇناسىۋەتسىز ئىككى پىرىنسىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە تالىشىپ مۇنازىرىلىشىدىغان ئورۇن يوق. ئۇلار بار چارە ـ ئاماللار بىلەن ئىسلامدىكى جاھادنى ھازىرقى ئاتالمىش «ئورنىنى قوغدايدىغان ئۇرۇش» دەيدىغان تار كاتىگورىيەدە چەكلەپ قويماقچى بولدى. بىراق ئىسلامدىكى جىھاد ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ كىشىلەر قىلىۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇددىئا ـ سىياسەتلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. ماھىيەتتە ئىسلامدىكى جاھادنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدە بار بولغان خۇسۇسىيتى، ئۇنىڭ دۇنيادا ئويناۋاتقان رولى ئاللاھنىڭ ئەنە شۇ جىھاد ئۈچۈن بەلگۈلەپ بەرگەن ئالىي نىشانى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بۇرچىنى (جىھادنى) ئادا قىلىش تارىخى قاتارلىقلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇللۇقتىن (مەنىۋى قۇللۇق)، ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇش، ئايرىلىشقا چاقىرغان بۇ ئومۇمىي چاقىرىق، روشەنكى نەپس خاھىش (شەخسىي ھەۋەس) كە بويسۇنۇشمۇ خاتا قىلىنغان قۇلچىلىقنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنى ئازات قىلىش ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئىلاھلىقى ۋە ھۆكۈمرانلىقى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ پادىشاھ، خۇجايىنى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش، تەشۋىق قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىقىغا دەۋەت قىلىش ئەمىلىيەتتە بىر مەيدان دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى ئوخشىمىغان شەكىل، قۇرۇلمىدىكى ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدەك سىياسىي ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ھەر جەھەتتىن ئېلىپ، بېرىلغان بىر ئىنقىلاب ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەرخىل شەكىلدىكى ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرۇۋېلىشنى يوقىتىشتۇر. بۇ خىل ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئادەمنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئوخشاش ئۆز ئارىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمرانلىق تىكلەپ بەزىلەر ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان «تەڭداشسىز» لارغا ئايلىنىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ چاقىرىق بۇ خىتابنامە ئاللاھنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ياۋۇز ھۆكۈمرانلارنى يوقىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار نەپس ـ خاھىش، شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسكە ئاساسەن تۈزگەن قانۇننى خەلققە تاڭىدۇ ۋە كىشىلەرنى قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ئۆزى ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

قىسقىسى ئىسلام ئادەمگە ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ (مەيلى قايسى دۆلەت بولسۇن) زېمىندا پەقەت ئاللاھقىلا بويسۇنىدىغان دۆلەت قۇرىدۇ. قۇرئاننىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتە بەرگەن بايانىنى كۆرۈپ باقايلى: [ئاللاھ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر] سۈرە زەخرۇف 84-ئايەت.

[سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھ غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ] سۈرە يۈسۈف 40 ـ ئايەت.

[«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھ غىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار] سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت.

زېمىندا ئاللاھقا بويسۇنىدىغان «دۆلەت» قۇرۇشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ خىرىستىيان دىنى قىلغىنىدەك، (يەنى) بىر قىسىم ئىمتىيازلىق كىشىلەر (پوپ، دىنىي رەئىس) ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تۇتىدىغان، شۇلارغا بويسۇنۇپ ياشايدىغان كىشىلەرگە پىششىق تونۇش بولغان رونى ھاكىمىيەت قىلغىنىدەك بىر قىسىم ئاتالمىش ئىلاھنىڭ «جاكاچى» لىرىغا (ۋەكىللىرىگە) ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويغىنىدەك ئەمەس. بەلكى ئاللاھنىڭ ئىسلام شەرىئىتى (قانۇنىنى) ئەڭ ئالىي ھۆكۈم قىلىپ ئاللاھ بەلگۈلەپ بەرگەن ئېنىق ئىسلام قانۇنى بويىچە بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاللاھقا قايتۇرۇشتۇر.

زېمىندا ئاللاھنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇش، باشقا سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنى پاچاقلاش، ياۋۇز كۈچلەرنىڭ قولىدىن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئاللاھقا قايتۇرۇش، ئادەم تۈزگەن قانۇنىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش... يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئاغزاكى تەشۋىقات بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرگە كىشەن سېلىۋالغان زېمىندىكى بۇ رەزىل كۈچلەر پەقەت ئاغزاكى تەشۋىقات بىلەن ئورۇن بىكارلاشمايدۇ! بولمىسا تارىختىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ زېمىندا ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش ۋە تىكلەش ناھايىتى ئاسان، توسالغۇسىزلا ئېلىپ بېرىلغان بولاتتى. بىراق ھېچبىر توسالغۇسىز تارىختىكى ھەرقايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ۋە بۇ دىنىنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد كۈرەش قىلىش تارىخى بىلەن قارمۇ ـ قارشى بولۇپ قالىدۇ! پۈتۈن دۇنيادا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ۋە ئورنىنى ئىلان قىلىش ھەمدە ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باشقا ھۆكۈمرانلىقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىدىغان بۇ باش ئۇمۇمى چاقىرىق، ھەرگىزمۇ بۇ پاسىپ

پەلسەپەچى ئابستىراكىت نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئاكتىپ، ئەمەلىيەتچان ھەرىكەت چاقىرىقىدۇر. «ئۇنىڭ نىشانى بولسا، ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئىنسانلارنى باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئادەملەرنى ئادەملەرگە قۇلچىلىق قىلىشتىن ھەقىقى تۈردە ئازات قىلىپ، پەقەت بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشتۇر!»

شۇڭا تەشۋىقات ۋە ھەرىكەتنى تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ئوخشىمىغان تەرەپلىرىگە ماس، مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئوخشىمىغان تەدبىرلەر بىلەن بۇ ئىجتىمائىي رېئاللىققا يۈزلىنىش كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ بۇ رېئال تۇرمۇشىدا مەيلى ئىلگىرى، مەيلى كېيىن بولسۇن، پەقەت ئىسلام ئادەملەرنى ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشتىن ئازات قىلىدىغان چاقىرىق بولغاچقىلا ئۇ باشقا ئىدىيە، ئاڭ، خاتا ئېتىقاد، ھەربىي كۈچ، سىياسىي ئېتىقادنىڭ، جەمئىيەت، ئىرق، سىنىپنىڭ... يەنە كېلىپ ھەرخىل خۇراپى كۆز قاراش، رەڭگارەڭ سەپسەتەلەرنىڭ ھەرخىل شەكىل بىلەن ئورتاق بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان.

ئەگەر «تەشۋىقات» نى ئىدىيە، دۇنيا قاراش، ئېتىقادقا قاراتساق «ھەرىكەت» نى بارلىق ماددىي توسالغۇلارغا قاراتساق، ئەڭ بۇرۇن دۇچ كېلىدىغىنىمىز دەل ئېتىقاد، ئاڭ، ئىدىيە، دۇنيا قاراش، ئىرق، مىللىي كەمستىش ۋە سىنىپىي زۇلۇم، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ بىۋاستە تىغمۇ ـ تىغ قارشىلىق بولىدۇ. ئۇنداقتا بىزمۇ «تەشۋىقات» ۋە «ھەرىكەت» نى بىرلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي رېئاللىققا يۈزلىنىشىمىز كونكرېت تەدبىرلەر بىلەن ئۇنىڭ ھەرقايسىسىنى يەنى كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. زېمىندا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى چوقۇم بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالغان سىلەر ۋە بىزلەر بۇنى ئەستايىدىل قايتىدىن چۈشىنىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئىنسان ئەرەبلەرنى ئازات قىلىدىغان چاقىرىق ئەمەس! ئۇنىڭ بۇرچى پەقەت ئەرەبلەرگىلا ئەمەس! بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش. ئۇنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، زېمىن، پۈتكۈل يەر شارى!...

ئاللاھ پەقەت ئەرەبلەرنىڭلا ئىلاھىي ھۆكۈمرانى ئەمەس، ئىنسانغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭلا تېخىمۇ ئەمەس. بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانىدۇر. ئىسلامنىڭ نىشانى پۈتكۈل ئىنسانىيەنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇش، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقىغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازات قىلىپ چىقىشتۇر. ئىسلامنىڭ قارىشىدا ئەڭ چوڭ قۇللۇق دەل ئادەمنىڭ ئۆز ئىچىدە بەزى كىشىلەرنىڭ تۈزۈپ بەرگەن قانۇنىغا بويسۇنغانلىقتۇر. مانا بۇ دەل ئىسلام تەكىتلىگەن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ئەمەس، بەلكى ئاللاھقىلا بويسۇنۇشتۇر. ئىسلام يەنە كىم ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە چوقۇنىدىكەن (بويسۇنىدىكەن) گەرچە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىسىمۇ ئۇ ئاللىقاچان ئاللاھنىڭ دىنىدىن چەتنىگەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئەگىشىش ۋە بويسۇنۇشنىڭ

دەل ئاللاھقا بويسۇنۇش ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بولغان، يەھۇدىي ۋە ناسارالار پەقەت ئاللاھ ئۇلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن قانۇن ـ تۈزۈمگە ئاسىيلىق قىلغاچقا ئاندىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر دەپ ئاتالغان.

ھەدىس ئالىمى تىرمىزى سېستىملىق دەلىللەپ بايان قىلىدۇ: «ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا شامغا (سۈرىيەگە) قېچىپ كەتكەن. ئەسلىدە ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە خىرىستىيان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسى سەففانە ۋە بىر قىسىم كىشىلەر جەڭدە ئەسىر ئېلىنغان. بىراق رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ سىڭلىسىنى قويۇپ بەرگەن، ھەم ئۇنىڭغا سوغا تەقدىم قىلغان. ئۇ ئاكىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە رەسۇلۇللاھنى زىيارەت قىلىشقا نەسىھەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن ئۇنىڭ كەلگىنىنى سۆز ـ چۆچەك قىلىۋاتاتتى. ئۇ كىرىست بەلگىسىنى تاقاپ رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: [ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر] سۈرە تەۋبە 31- ئايەت.

دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئەدى رەسۇلۇللاھقا «بىز ھەرگىزمۇ ئۇلارغا چوقۇنمىدۇق» دېدى. رەسۇلۇللاھ «ياق، ئۇلار ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال دەپ بەرسە ئۇنىڭغا ئەگەشتىڭلار، بۇ ئۇلارنىڭ چوڭ بىلگىنىڭلار، يەنى چوقۇنغىنىڭلار» دېدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئايەتنى چۈشەندۈرۈشى ئېنىق، كەسكىن ھالدا ئادەم تۈزگەن قانۇنغا ئەگىشىشنىڭ توغرا يولدىن چەتنەش، توغرا بويسۇنۇش يولىدىن چەتنەش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. مانا بۇلار دەل ئىسلام زېمىنىدا يوقىتىدىغان نەرسىلەردۇر. بۇ ئارقىلىق ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ زېمىنىدا ئازاتلىقىنى جاكارلاپ، ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشنى تاشلاتقۇزىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلام «تەشۋىقات» بىلەن «ھەرىكەت» نى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ باش چاقىرىقىغا قارشى بارلىق كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ، كىشىلەرگە مەجبۇرلاپ تېڭىلغان ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنۇش ئوبىكتىغا زەربە بېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ سەلتەنەت ھوقۇقى ۋە ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك سىياسىي كۈچى ئارقىلىق ئەمەس، ئۇ خىل سىياسىي كۈچ ئادەملەرنىڭ ھېچقانداق تاشقى بېسىم كۈچىگە ئۇچرىمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دەۋەتنى ئاڭلاپ ئىختىيارى قوبۇل قىلىش، ھەم بۇ ئىسلام ئېتىقادنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توسالغۇ پەيدا قىلىشقا يول قويمايدۇ. زوراۋانلىق كۈچ (سىياسىي كۈچ مەيلى ئىرقچىلىق بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن، ياكى ئىرق، مىللەت ئىچىدىكى سىنىپىي زۇلۇم بولسۇن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بىر ھەقىقىي تۈردە ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىدىغان بىر سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي يېڭى تۈزۈم قۇرۇلىدۇ. ئىسلام ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادىنى زورلاپ تاڭمايدۇ. بىراق ئىسلام بىر خىل ئېتىقاد بولۇپلا قالماستىن بەلكى، بىز ئالدىدا بايان قىلىپ بولغىنىمىزدەك ئادەمگە بويسۇنۇشتىن ئازاد قىلىپ ئەركىنلىككە باشلايدىغان ئومۇمىي باش چاقىرىق. ئىسلام باشلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭ نىشانى ھەرخىل ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئادەمنى ئادەم قۇل قىلىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ھۆكۈمەتلەرنى ئاغدۇرۇشتۇر. ئۇلار ئېتىقادنى ئۆزىنىڭ ئەركىن تاللىشى بويىچە تاللايدۇ. ئۇلارغا بولغان سىياسىي بېسىمنى يوقىتىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئېتىقادنى ئىختىيارىي تاللايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنى باشقىلار چوقۇنىدىغان ئىلاھ قىلىپ قويۇش ئەمەس.

ياكى بۇ كىشىلەرنى ئىختىيارىي ھالدا باشقىلارغا قۇل قىلىپ بويسۇنىدىغان قىلىپ قويۇش ئەمەس! ۋە ياكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنە باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاللاھتىن باشقا ئادەملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھۆكۈمران قىلىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس! زېمىندا ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى كونترول قىلىدىغان تۈزۈمنىڭ تۈپ يىلتىز ئاساسى بىر ئاللاھقا بولغان بويسۇنۇش بولۇش كېرەك. بۇ دېگەنلىك پەقەتلا شۇ ئاللاھنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىلا قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر ئەزاسىنى مۇشۇ ئۇمۇمىي تۈزۈم ئاستىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېتىقادنى تاللاشقا چاقىرىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن دىن پۈتۈنلەي ئاللاھقا تەۋە بولغان بولىدۇ؟ يەنىي ھۆكۈم، بويسۇنۇش، چوقۇنۇش، ئەگىشىش ھەممىسى پەقەت ئاللاھقىلا بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ دىنىنىڭ مەزمۇنى ئېتىقادتىن كەڭ. دىن بولسا تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان تۈزۈم ۋە پىرىنسىپتۇر.

ئۇ دىن ئىمان (ئېتىقاد) ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ھەجىم، ئوقۇم دائىرىسى ئېتىقاد (ئىمان) دىنمۇ كەڭ. ئىسلام دىنىدا ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئارىسىدىكى بەزى گۇرۇھلار ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى قۇرۇلغان «بويسۇنۇش ئاللاھقىدۇر» دېگەن ئاساس ئۈستىگە ياكى ئومۇمىي تۈزۈم ئۈستىگە رىئايە قىلسا بولىدۇ. ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن كىشى (يوقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك) يەنى ئىسلام تەشۋىقات شەكلىدىكى جىھاد ئۇسۇلىنى چۈشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوراللىق شەكلىدىكى جىھاد ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ. خۇددى كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان شەرق ئالىملىرىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، ھازىرقى زامان ئادەملىرى چۈشەنگەن «ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تار مەنىسىدىن ئىسلام جىھادنى مۇنداق، ئۇنداق دەپ تەسۋىرلىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ زېمىندىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئازات قىلىدىغان بىر مەيدان ئۆزلىكىدىن قوزغۇلىدىغان ھەرىكەت. ئۇ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ماس كېلىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. ھەم ئۇنىڭ ھەر بىر باسقۇچىلا قوللانغان كونكىرت تەدبىرلەرنى يېڭىلاپ ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر بىز ئىسلام جىهاد ھەرىكىتىنى چوقۇم ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ھەرىكىتى دەپ ئاتىساق، ئۇنداقتا بىز «ئۆز - ئۆزىنى قوغداش» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى قوغداش، شۇنداقلا ئۆز ھوقۇقىنى قوغداش ئۇرۇشى» دەپ ئاتىشىمىز كېرەك. ھەم ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى يوقتىۋېتىدىغان ئازاد قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنى يوقىتىش كېرەك. ئۇ ئامىللار ئېتىقاد، ئاڭ، دۇنيا قاراش قاتارلىقلاردا گەۋدىلىنىش بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي، سىنىپىي، مىللىي، ئىرقىي توسالغۇلار ئۈستىگە قۇرۇلغان سىنىپىي تۈزۈمدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئامىللار ئىسلام دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى زېمىننى قاپلىۋالغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەرخىل شەكىللەر بىلەن جاھىلىيەت ئىچىدە ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

«ئۆز - ئۆزىنى قوغداش» دېگەن ئۇقۇمنى مۇنداق كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈشتىن بىز ئىسلامىي جىهادنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى چۈشىنەلەيمىز. ئالدىن ئىسلامنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىگە يېتەلەيمىز. بىراق ئۇ بىر مەيدان ئىنسانىيەتنى ئىنسانىيەتنىڭ قۇللۇقتىن ئازات قىلىپ چىقىدىغان ئاللاھنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى چىن ئېتىراپ قىلغان، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ زېمىندىكى قانۇنسىز ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زېمىندا ئىسلام قانۇنى ئاساسى قىلىنغان دۆلەتنى قۇرىدىغان باش چاقىرىقتۇر.

تار مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئىسلام جىهادقا «ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ھەرىكىتى» دېگەن باھانى بېرىپ كۈچىنىڭ بارىچە دەلىل ئىسپاتلارنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىسلامىي جىهاد ۋە ئۇرۇشلارنىڭ پەقەتلا خوشنا دۆلەت تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئۇرۇشى ۋە زەربە بېرىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقماقچى بولۇشتى. (بەزىلەر ئۇنى پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلىغىلا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق دەپ قارايدۇ). بۇ بىر خىل ناھايىتى قاملاشمىغان دوراmچىلىق. ئۇ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ رېئال بېسىم ۋە ھىلىگەر شەرق ئالىملىرىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا باش ئېگىپ كەينىگە چېكىنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ!

ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلار (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) رىم، پارىس ئىمپىراتورلىرىنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلماسلىق ۋەدىسىنى ئالغان بولسا، ئۇلار ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ دەم ئېلىپ، ئىسلامنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆرەش، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن توختاپ قالارمىدى؟ ئەينى ۋاقىتتا دۈشمەنلەر دۆلەت كونتروللۇقىدىكى ھەربىي كۈچ، ئىرقىي، مىللەت ئايرىمچىلىق ۋە سىنىپىي ئاڭ ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، دۆلەت ھەربىي مۇئەسسەسە ئاپپاراتلىرى قوغداۋاتقان ئىرقىي، مىللىي كەمسىتىش ۋە سىنىپىي زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىقتىسادى تۈزۈمنى مونوپول قىلىۋالغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق قاتمۇ - قات قىيىنچىلىق، جاپالىق شارائىتتا ئۇلار ئۇرۇش، جىهاد، ئەمەلىي، ھەربىي تەييارلىقتىن باشقا يەنە قايسى ئۇسۇل - چارە بىلەن ئىسلامنى دۇنياغا تارقىتالايدۇ! بۇ بىر خىل توغرا تەسەۋۋۇر. پۈتكۈل يەر شارىدا

ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىدىغان بۇ ھەرىكەت مانا مۇشۇنداق قاتمۇ ـ قات قىيىنچىلىقلار ئالدىدا پەقەت ئاغزاكى تەشۋىقات سۆزلەش بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلامدۇ؟ ئىسلام ئۆزى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەركىن شارائىت يارىتىپ، كىشىلەر باشقا بارلىق نەرسىلەردىن ئايرىلىپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندە ئاندىن ئەركىن ھالدا ئۇلارغا تەشۋىق قىلالايدۇ! سۆزلەش، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىسلامنى تارقىتىدۇ. مانا بۇ ئاندىن «دىنغا ئىشىنىشتە ئاۋال ئۇنى قوراللىق ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەك. مۇنداقتا كىشىلەر بۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەلبى، دىلى ۋە ئەقىل ئىدراكىغا ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى يۈزلەندۈرىدۇ!

ئەگەر ئىسلام تارقىتىشنىڭ نىشانى ئىنسانىيەت ئازاتلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلاش بولسا، ئۇنداقتا كونكرېت تەدبىرلەر بىلەن ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ كۈنكرېت ئەھۋالىغا يۈزلىنىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش ئىسلام تەشۋىقاتىغا ئىنتايىن زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى پەلسەپەلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى ھەقىقەتەن يېتەرسىز! ھەرقاچان ئىسلام بىخەتەر بولسىمۇ يەنىلا خوشنا دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. (ھەقىقى ئىسلام دۆلىتى) ئىسلام تەلەپ قىلغان، قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان تېنچلىق ھەرگىزمۇ ئىسلام ئېتىقاد قىلغان، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدە رايوندىكى تېنچلىقتەك ئۇنداق ئەرزان تېنچلىق ئەمەس. بەلكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقا خاس بولغان، يەنى بارلىق ئىنسانلار ئاللاھقىلا بويسۇنغان، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئادەمنى قۇل قىلىشىغا يول قويۇلمايدىغان ھەقىقى تېنچلىق! پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جىھاد ھەرىكىتى پۈتكۈل ھەرىكەت (دەۋەت) باسقۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئۇنى باشلىنىش ياكى ئوتتۇرا باسقۇچ قىلمىدى. خۇددى ئىبنى قەييىم ئېيتقاندەك سۈرە تەۋبە نازىل بولغاندىن كېيىن ئىمانسىزلار ئۈچكە ئايرىلدى. 1) ئاشكارە ئۇرۇش قىلغان دۈشمەنلەر. 2) مۇئاھىدە تۈزۈشكەنلەر، 3) ئىسلام ھۆكۈمىتى ئاستىدىكى كىشىلەر. ئەڭ ئاخىرىدا مۇئاھىدە تۈزۈشكەنلەر ئىسلامغا بەيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمانسىزلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ قالدى. بۇلار ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلغان دۈشمەنلەر ۋە ھىمايە ئىچىدىكى خەلقتىن ئىبارەت. ھېلىقى ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلغۇچىلار ھەمىشە كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە، ۋەھىمە ئىچىدە رەسۇلۇللاھتىن قورقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرى ئۈچكە ئايرىلدى. 1) ئىمان كەلتۈرگۈچى ۋە بويسۇنغۇچىلار. 2) ئىناق ئۆتكۈچىلەر ۋە دوستانە مۇناسىۋەتتىكىلەر (بۇلار دەل ھىمايە ئىچىدىكىلەر). 3) دۈشمەنلەشكۈچىلەر ۋە ۋەھىمە ئىچىدىكىلەر.

ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ۋە نىشانىنىڭ لوگىكىدا ماسلىشىدىغان مەۋقەسى ۋە مەيدانى ھەرگىزمۇ ھېلىقى ھىلىگەر شەرق ئالىملىرىنىڭ ھۇجۇمى ۋە ھازىرقى بېسىمى ئاستىدا باش ئەگكۈچىلەر چۈشەنگەندەك ئەمەس! مەككىدە ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ئىمانسىزلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن توستى. مەدىنىدىمۇ دەسلەپكى مەزگىلدە ھەم شۇنداق بولدى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا نازىل قىلغان ئايىتى: [(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار] دېگەن ئايەت بولدى.

كېيىن ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا: [ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. ئۇلار پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتچانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى, كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىپتۇر] سۈرە ھەج 40 - ئايەت.

[(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ).] سۈرە ھەج 41 - ئايەت.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى پەرز قىلىپ بېكىتتى. ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەشمىگەن، ئىناق ئۆتكەنلەر بىلەن تېچ ئۆتۈشكە بۇيرۇدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا: [سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.] سۈرە بەقەرە 190 - ئايەت.

كېيىن يەنە ئاللاھ ئۇلارغا بارلىق ئىمانسىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىردى. ئاللاھ ئۇلارغا: [ئاللاھ چەكلىگەن گۇنا ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزەڭلارغا زىيان سالماڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھتىن قورققۇچىلارغا ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار)] سۈرە تەۋبە 36 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ يەنە ئۇلارغا: [ سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناساراالار ئىسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.] سۈرە تەۋبە 29 - ئايەت.

خۇددى ئىبنى قەييىم دېگەندەك جىھاد (ئۇرۇش) ئاۋال چەكلەندى. كېيىن رۇخسەت قىلىندى. ئاۋال ئۇرۇش قوزغىغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى پەرز قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى بۇيرۇدى. قۇرئاندىكى جىھادقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ كەسكىنلىكى، جىھادقا تەرغىب قىلىدىغان كەسكىن ھەدىسلەر، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ۋە ئۇنىڭ

جەرياندىكى ھەرقايسى ئۇرۇشلارنىڭ كەسكىنلىكى، روشەن ھالدا ھەرقايسى كىشلەرنىڭ ھېلىقى كۆڭلىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان شەرق ئالىملىرىنىڭ ھۇجۇمى، ھازىرقى بېسىم ئاستىدا باش ئەگكەن، كىشلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ھەرقانداق ياخشى باھا بېرشنى چەكلەيدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى ئايەتلىرى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس ـ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇشلاردىكى سەۋەب ـ مەقسەت جەريانى، تەرتىپلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئۇ بىر خىل ئۆتكۈنچى شارائىت ئىچىدە چەكلىنىپ قالغان.

ئاللاھ ئالىلقاچان ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ئايەتنىڭ بېشىدا مۆمىنلەرگە دۇنيادىكى تۇرمۇش قانۇنىيىتىنىڭ دەل ئىنسانىيەتنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا قارشىلىقنى دۇنيادىكى (زېمىندىكى) بۇزغۇنچىلىقنى توسىدىغانلىقنى چۈشەندۈرىدۇ.

[ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرستىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر.] سۈرە ھەج 39 ـ ئايەت.

شۇڭلاشقا بۇ بىر مۇقىم قانۇنىيەت، ھەرگىزمۇ تەساددىپى ھادىسە ئەمەس. بۇ خىل قانۇنىيەت ھەقىقەت ۋە باتىلنىڭ دۇنيادا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت قانداقكى ۋاقىتتا ئىسلام ئاللاھنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى، ئىنسانىيەتنىڭ قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئومۇمىي چاقىرىق ھەرىكىتىنى قوزغىغاندا، ھېلىقى ئاللاھنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغۇچىلارنىڭ بۇنىڭغا تۇشمۇ ـ تۇشتىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن ئىتتىپاق ئۆتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام قىلچە ئىككىلەنمەستىن، قايتارما زەربە بېرىپ زوراۋانلارنىڭ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىنسانلارنى ئازاد قىلىپ ئىنسانىيەتنى زېمىندا «ئۇلارنىڭ جاپاسىدىن ساقلايدۇ، ئىسلامى جىھاد ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇساپىسى بىر ئادەتتىكى قانۇنىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق ھوقۇق (ھۆكۈمرانلىق) ئاللاھقا تەئەللۇق بولغۇچىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ. مەككىدە جاھادنىڭ چەكلىنىشى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاندىكى پەقەت بىر باسقۇچ، مەدىنىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىمۇ مەدىنىدىكى دەسلەپكى باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا تۈرتكە قىلغىنى پەقەتلا مەدىنىنىڭ بىخەتەرلىكى ئەمەس، ئەلبەتتە. بۇمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر نىشان، بىراق ھەرگىز ئەڭ ئاخىرقى بىر نىشان ئەمەس. ئۇنىڭ مەقستى، ھەرىكەتنىڭ بۆشۈكى مەزكۇر بازىنى قوغداش، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىپ، ئىنسان ئەركىنلىكىنى تارتىۋالغان ھەرخىل توسالغۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىسلامىي ھەرىكەت قوزغاش!

مۇسۇلمانلار مەككىدە جىھاد قىلىشتىن چەكلەش ئوبىكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، چۈنكى مەككىدىكى ۋاقىتتا دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكى بار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئەينى ۋاقىتتا بەنى ھاشىم جەمەتىنىڭ قوراللىق ھىمايىسىدە ئىدى. ئۇ ئاشكارا دەۋەت قىلىشتا كاپالەتكە ئىگە ئىدى، ئۇ بىر كىشىگە ياكى نۇرغۇن كىشىلەرگە تەشۋىق قىلالايتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى توسىدىغان تەشكىللىك سىياسىي كۈچ يوق ئىدى. ھەم ئۇنىڭ

دەۋتىنى ئاگلاشتىن توسىدىغان دۆلەت ئاپپاراتلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ باسقۇچتا قوراللىق جەڭ ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئامىللار بار.

[ئېھتىمال ئۇ مەككە باسقۇچى بولسا، ئالاھىدە مۇھىت، شارائىت ئاستىدا خەلققە تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ۋە تەييارلىق قىلىدىغان باسقۇچ بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، تەربىيە ۋە تەييالىقنىڭ نىشانىنىڭ بىرى دەل بۇ خىل شارائىت ئاستىدا ئەرەبلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى سەۋر قىلالمايدىغان، ئۆزى ۋە باشقا كىشىلەرگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىققا سەۋر قىلدۇرىدۇ. ئۇنى جاھىللىق بىلەن ئۆزىنى چوڭ تۇتىۋالغان خارەكتېرىنى ئۆزگەرتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش قارشى، مۇددىئاسى قايتا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىكى ۋە غەرىزى بىلەن ھەرىكەتلەنمەيدۇ. ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىدىغان خاراكتېرىنى يېتىشتۈرىدۇ. ئۇنى بېسمىغا بىر ئۇچراش بىلەن قارىغۇلارچە ئەسەبىيلىشىپ ھاياجانلانمايدىغان، بىرەر ياخشى ئالامەتكە ئۇچراش بىلەن خوشاللىقتىن سەۋدايىلارچە بولمايدىغان قىلىدۇ. مانا بۇ ئەرەبلەرنىڭ ئالدىراڭغۇ خاراكتېرى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە خارەكتېرى ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى تەربىيلەپ بىر تەشكىللىك، ئىنتىزاملىق رەھبەرلىككە بويسۇنىدىغان قىلىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ئىشلىرىدا ئۇنىڭ يېتەكچىلىكلىگە ئەگىشىدۇ. مەيلى ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە خىلاپ بولسۇن بارلىق ھەرىكىتى شۇنىڭ قۇماندانلىقىدا بولىدۇ. مانا بۇ نۇقتا ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى يېتىشتۈرۈپ تەربىيەلەيدىغان ئاساس. بۇ ئارقىلىق قالاق، ياۋايى ئەمەس، بەلكى يۈكسەكلەشكەن مەدەنىي ئىسلام دۆلىتىنى قۇرىدۇ!

ئېھتىمال بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرەيشلەرنىڭ مۇھىتى ئىچىدە تېنچ دىن تارقىتىشنىڭ ئەمەلى ئۈنۈمى، تەسىرى بولغانلىقتىن بولسا كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى يۇقىرى نەسەپ، قانداشلىق ئالىي شەرەپكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇش ئۇلارنى تېخىمۇ غالجىرلاشتۇرۇۋېتەتتى. يەنى ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق بولغان، نۇرغۇن يىل داۋاملاشقان، قەبىلىلەرنىڭ سۈركىلىشىدىن كېلىپ چىققان «ئەۋس» ۋە «خەزەرج» ئۇرۇشلىرىغا ئوخشايدىغان يېڭى قانلىق ئۇرۇشلار كېلىپ چىقاتتى. ھەم بۇ يېڭى ئۇرۇشلار ئۇلارنىڭ خاتىرىسى ۋە ئىدىيىسىدە ئىسلام بىلەن بىرلىشىدىغان بولسا، ئەھۋال تېخىمۇ قالايمىقان بولاتتى. ئاقىۋەتتە بۇ توغرا دىن ئۆچمەنلىك ئۇرۇشغا ئايلىنىپ قېلىپ مەيدانغا كېلىش بىلەنلا ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ تۈپ نىشانى ئۇنتۇلۇپ تاشلىنىپ قالاتتى.

ئېھتىمال ئۇمۇ ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆمۈلۈپ قالغان تېنچسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنىڭ قايتا كۆكلەپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئۇ ۋاقىتتا تەشكىللىك، مۇكەممەل بىر سىياسىي ھاكىمىيەت ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەرنى ئەزمىگەن زىيانكەشلىك قىلمىغان ئىدى. ئۇلارنى جازالىغان، زىيانكەشلىك قىلغان ۋە «تەنبىھ» بېرىپ قويغانلار بولسا ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى، تۇققانلىرى، دوستلىرى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇشغا رۇخسەت قىلىش ھەر بىر ئائىلىنى جەڭگاھقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن دېرەك بېرەتتى.

ئەملیەتتە ئېنىق بۇيرۇق قىلىسمۇ كىشلەر «ئىسلام دېگەن مانا مۇشۇ كەنغۇ» دېيىشكەن بولاتتى. قۇرەيشلەر ھەج مەۋسۇمىدە ھەجگە ۋە سودىغا كەلگەن باشقا ئەرەبلەرگە «مۇھەممەد ئۆز جەمەتى ۋە تۇققانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىلا ئەمەس، دادىنى بالىدىن ئايرىۋاتىدۇ» دېيىشەتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنسا ئاتا بالا بىلەن، قۇل ئىگىسى بىلەن.... ئۇرۇش قىلىپ ھەر بىر يەر، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئېھتىمال بۇ، ئاللاھنىڭ ئىلگىرى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى ئەزگەن، زىيانكەشلىك قىلغان جاھىللارنىڭ ئىسلامنىڭ سادىق ئەزالىرى، ھەتتا ھەل قىلغۇچ زەربىدارلاردىن بولۇپ قىلىشىنى بىلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئېھتىمال قەبىلە تۇرمۇش مۇھىتى ئاستىدا ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىسى شۇكى، قورقماي مەرتلەرچە زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەرتىۋىلىك، ئالىيراقى زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا، تېخىمۇ شۇنداق، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ بىر خىل ئاستىدىكى توغرىلىقنى يېتەرلىك ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: ئەبۇ بەكرى ئۇلۇغ ئادەم بولغاچقا ئىبنى دەغنە ئۇنىڭ مەككىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىگە قوشۇلمىدى. ئۇ بۇنى ئەرەبلەرگە نۇمۇس ھېسابلايتتى. شۇڭا ئەبۇ بەكرىگە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بەنى ھاشىمنىڭ ئەبۇ تالىب جىلغىسىغا قامىلىش شەرتنامىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. بەنى ھاشىم جىلغىغا قامالغاندىن كېيىن ئاچارچىلىق دەردىنى تارتتى ۋە ئېغىر جاپالارنى چەكتى...

مانا بۇلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مۇھىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە مۇھىت بولغان بولسا، ئەھۋال دەل ئەكسىچە بولۇپ كىشلەر ئەزگۈچىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئېزىلگۈچىلەرنى مەسخىرە قىلاتتى.

ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقى ۋە مەككە شەھىرىدىلا يەنىلا قورشىلىپ قالغانلىقى، ئىسلامنىڭ خەۋىرىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا تېخى تارقالمىغانلىقىنىڭ ياكى ئىسلام توغرىلىق كىشلەرنىڭ پەقەتلا ئاز ـ تولا بىر نەرسە بىلىدىغانلىقى، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئۇنى بىر مەيدان قۇرەيشلەرنىڭ ئىچكى نىزاسى دەپ قاراپ، بىتەرەپ مەيداندا چەتتە تۇرۇپ ئاخىرقى ئاقىۋىتىنى كۈتىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنسا بۇ خىل ئۇرۇش ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارنى (گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەننى ئۆلتۈرسىمۇ) ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇب قىلىپ تۈگىتىۋېتەتتى. مۇشرىكلىك داۋاملىشىۋېرەتتى. مۇسۇلمان گۇرۇھلار پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلۈپ ئىسلام تۈزۈمى دۇنيادا قەد كۆتۈرەلمەيتتى. ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى. بىراق ئىسلام بىر خىل تۇرمۇش يولى بولۇپ ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇش تۈزۈمىدە مەيدانغا كەلگەن».

1. مەدىنىكى دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقىغا كەلسەك، رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئەرەبلەر بىلەن مۇئاھىدە

تۆزۈشكەنلىكىدىن بولغان ۋە ھېلىقى باسقۇچتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ناھايىتى زۆرۈر بولغان بىر تەدبىر ئىدى.

ئاۋال ئۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە ئاشكارا دەۋەت قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش شارائىتى بار ئىدى. ھېچقانداق سىياسىي كۈچ ئىسلامنى توسمىغان ۋە ئىسلام بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ پەيدا قىلمىغان پۈتۈن شەھەر بۇ يېڭى ئىسلام دۆلىتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق نۇرغۇن سىياسىي ئىشلارنى ھەل قىلغان، مۇئاھىدە ئارقىلىق ھەرقانداق ئادەم يەنى قايتا مۇئاھىدە تۈزۈشكە ۋە جەڭ ئېلان قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچقانداق تاشقى مۇناسىۋەت ئورناتماسلىقىنى بەلگۈلىگەن. روشەنكى مەدىنىنىڭ ئەمەلىي رەھبەرلىك ھوقۇقى مۇسۇلمانلار قولىدا، تەشۋىقات ئىشىكى كەڭرى ئېچىۋېتىلگەن، بارلىق توسالغۇلار يوقىتىلىپ كىشىلەر ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىۋاتقان ئىدى.

2. رەسۇلۇللاھ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ باسقۇچتا مەخسۇس قۇرەيشلەرگە تاقابىل تۇرغان. چۈنكى قۇرەيشلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان قارشىلىقى، ئىسلام بىلەن باشقا ھېلىقى قۇرەيشلەرنىڭ ئىچكى نىزاسىنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراۋاتقان، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا توسالغۇ بولغان. شۇ سەۋەبلىك رەسۇلۇللاھ دەرھال ھەر تەرەپكە چارلاش ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھىجرىيە 1 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا چارلاش ئەترىتى ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چارلاش ئەلچىلەر ئۆمىكى توختىماي ئەۋەتىلدى. بىر قېتىم ھىجرىيە 1 - يىلى 9 - ئاينىڭ بىشىدا، يەنە بىر قېتىم ھىجرىيە 2 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا، يەنە بىر قېتىم ھىجرىيە 2 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدا ئەۋەتىلدى. ئارقىدىنلا 2 - يىلى 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش باشچىلىقىدا چارلاش ئەترىتى ئەۋەتىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسلامدىكى بىرىنچى قېتىملىق يۈزمۇ يۈز ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ۋاقىت دەل ئۇرۇش چەكلەنگەن ئاي بولۇپ تۆۋەندىكى ئايەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

[ (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: « ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر». ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ.] سۈرە بەقەرە 217- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىلەر مۇشۇ يىلىنىڭ 9 - ئېيى ھىجرىيە يەنى رامىزان ئېيىدا چوڭ بەدرى غازىتى يۈز بەردى. قۇرئاندىكى «ئەنفال» سۈرىسى مۇشۇ ئۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ نازىل بولغان مۇشۇ باسقۇچتا يۈز بەرگەن ئەھۋال، ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئەقلىي كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، بىز ھېلىگەر

دىن دۈشمىنى ئالىملىرىنىڭ ۋە ھازىرقى ھالەتنىڭ بىسىمىدا باش ئەگكۈچىلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى بولسا تار مەنىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش، مۇداپىئە ئۇرۇشى دەپ بىلجىرلاشلىرىغا قەتئىي ئورۇن يوقلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.

ئىسلامنى كەڭەيتىش ھەرىكىتى ئۈچۈن نوقۇل مۇداپىئە باھانىلىرىنى ئىزدەۋەتقان كىشىلەر، مۇسۇلمانلاردا ئەمەلىي بىر كۈچ يوق، ئىسلامغىمۇ ھەقىقى ئىگە بولالمىغان بىر مەزگىللەردە ئىسلامغا دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قورغان قاپقىنىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەم ئىسلام جاھادىغا ئىلمىي، نەزىرىيىۋى دەلىل ـ پاكىتلارنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. پەقەت زېمىندا ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشتىن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىدىغان باش چاقىرىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاللاھقىلا خاس قىلغان ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن مۆمىنلەر بۇ ھەرىكەتلەرگە مېيقىدا كۈلۈپ قويىدۇ. بىراق ئىسلام جىھاد نەزىرىيىۋى دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ھاجەت ئەمەس. قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ:[ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجر ئاتا قىلىمىز. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر. مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر] سۈرە نىسا 74-تىن 76- ئايەتكىچە.

[(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن).

پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ.

ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!] سۈرە ئەنفال 38-تىن 40- ئايەتكىچە.

[سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر)

بىلەن، ئاللاھ (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار.

يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ بالىسى باردەپ) ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر.

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان - ياپەداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ.] سۈرە تەۋبە 29 - تىن 32 - ئايەتكىچە.

مانا بۇ، زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ھەقىقى تىكلەيدىغان، ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن تۇرمۇش يولىنى ئەمەللەشتۈرىدىغان، بارلىق رەزىل كۈچلەر ۋە تۈزۈمنى يوقىتىپ، ئادەمنى ئادەمگە قۇل قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىقنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ئىلاھى ھۆججەت دەلىلدۇر. چۈنكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەقەت ئاللاھنىڭ چاكارلىرى بولالايدۇ. ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېلىشقا ئۆزىنىڭ شەخسى خاھىش، ئارزۇسىنى قانۇنغا ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانلارغا تېڭىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. مانا بۇلار يېتەرلىكقۇ! بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «دىنغا ئېشىنىشتە زورلاش يوق» دېگەن پىرىنسىپنى تىكلەش كېرەك. بۇ دېگەنلىك ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كىشىلەر يەنى بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاللاھقا قايتۇرغاندىن كېيىن ئىسلام، ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ. قەتئىي زورلاش، مەجبۇرلاش بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

مانا بۇ، زېمىندا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئادەمنى ئادەمنىڭ قۇللىقتىن قۇتقۇزۇپ، بىر ئاللاھقىلا بويسۇنۇشقا يېتەكلەيدىغان بارلىق دەلىل پاكىتلار مۇشۇ ئاساس بولغاچقىلا، ئىسلام جىھاد ھەرىكىتىنى جاكارلاشقا تامامەن ھەقلىقمىز. ئالىلقاچان ئىسلام، مۇجاھىدلىرىنىڭ قەلبىگە ئۇيۇلۇپ كەتكەن ئاساسي سەۋەبتۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچقايسى نېمە

ئۈچۈن جىهاد قىلىسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، «بىز مۇنقەرىز بولۇپ كەتكەن ۋەتىنىمىزنىڭ قوغداش ئۈچۈن، ياكى تاجاۋۇزچى ئىمپىرىلەرنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا قىلغان تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ياكى ئۆزىمىزنىڭ تىرىتورىيىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، تېخىمۇ كۆپ ئولجا ـ غەنىمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن» دېيىشمەيدۇ. ئۇلارغا «سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتىڭلار نېمە؟» ئۇلار بۇنىڭغا جاۋابەن، بىردەك ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن مەردانە ھالدا «ئاللاھ بىزنى ئەۋەتتى، بىزنى ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەملەرنى ئۆزىگە ئوخشاشلارغا بويسۇنۇشتىن بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشقا، بەختسىز تۇرمۇشتىن بەختلىك تۇرمۇشقا، ھەرقايسى دىنلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن، ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە قايتۇرۇشقا بۇيرىدى. ئاللاھ توغرا دىنىنى ئىنسانلارغا يۈزلەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتتى. كىم بىزنىڭ دىنىمىزنى قوبۇل قىلىدىكەن، شۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز. بىز ئۇ ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە چېقىلمايمىز ۋە چېكىنىپ چىقىمىز، كىم ئۇنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن تاكى جەڭگاھتا شېھىت بولغۇچە ياكى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگۈچە ئۇرۇشىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىسلام مۇشۇ خۇسۇسىيىتى بىلەنلا ئۆزىدە ئەسلىدىنلا يېتەرلىك جىهاد قىلىش ئاساس بارلىقىنى ۋە جىهاد قىلىشقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئاساس ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىدىغان باش چاقىرىقى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە باسقۇچتىكى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەدبىرلەردۇر. گەرچە ئىسلام زېمىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئاھالىسىگە ھۇجۇم تەھدىت سېلىنىسىمۇ ئىسلام يەنىلا باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ كەلدى، مانا بۇ ئىسلام يولىنىڭ ماھىيەتلىك، ئەمەلىيەتچانلىقىقا ئىگە ئاساسى، ھەم ئىسلام «جىهادى» ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق، چەكلىك مۇداپىئە ھەرىكىتى ئەمەس.

بۇ نۇقتا ھەر بىر مۇسۇلماننى «مۇجاھىد جەڭچى» دىگەن قىياپەت بىلەن مەيدانغا چىقىشتا يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىدۇ. بۇ يۈكسەك نىشان ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بىراق ئۇ، ئۇلار ئارقىلىق قىلچىمۇ شەخسى مەنپەئەت كۆزلىمەيدۇ. بۇ كۈرەش مۇددىئاسى بىرەر ئارزۇ ـ ھەۋەس ياكى شەخسى نەپسانىيەتچىلىك ئەمەس. بىرەر مۇسۇلمان ئۇرۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ نەپسى، شەھۋىتى، ھەۋىسى، خاھىشى، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە باشقا ئىنتىلىش، شەخسى مەنپەئەت، جەمئىيەت ۋە ھەتتا مىللەت مەنپەئەتى ئىشقىلىپ ئىسلامدىن تاشقىرى ھەرقانداق مۇددىئا بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇددىئاسى پەقەت ئاللاھقا بويسۇنۇش، زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ، ئاللاھنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ھەرقانداق ياۋۇز ھاكىمىيەتنى قەتئىي يوقىتىپ تاشلاشتۇر. ھېلىقى ئىسلام زېمىنىنى قوغداش نامىدا، ئىسلامى جىهادقا تۈرلۈك ئاساس ـ باھانە ئىزدەۋاتقان كىشىلەر، ئىسلام يولىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشتى ۋە ئۇنىڭ قىممىقىنى بەكرەك بىلىپ يەتتى. بىراق ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ نۇقتىئىنەزەر ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىسلام ئەزەلدىن تونۇمايدىغان ھازىرقى زامان كۆز قاراشلىرىنى ئىسلامغا يات بولغان مەھسۇللىرى، ئېتىقاد، شۇنىڭدەك ئېتىقادىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يول ۋە ئىسلام رەھبەرلىكرىدىكى جەمئىيەتلا بىردىنبىر ئېتىراپ قىلىنىدىغان

جەمئىيەت تىرىتورىيە، چېگرا، زېمىن دېگەنلەرنىڭ ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتى يوق. ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىدە بارلىق زېمىنىنىڭ قىممىتى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ۋە ئىسلامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان رەھبەرلىكىگە باغلىق. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئېتىقادنىڭ قورغىنىغا، ئىسلامنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا، تېنىچلىق باغچىسىغا، ئىنسانىيەت ئازدا قىلىش مۇساپىسىدىكى بازىغا ئايلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام دۆلتىنى قوغداش دەل ئېتىقادنى، يول ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنى قوغداشتۇر. شۇنداقلا ئۇنى قوغداش، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ دۆلىتىنىڭ تەدبىرلىرىنى تىكلەش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئىسلامنى يۈزلەندۈرىدىغان تايانچا بازا قىلىشتۇر. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئوبېكتى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت، پۈتۈن يەر شارى ئىسلامنىڭ كەڭرى بىپايان زېمىنى بولۇشقا مۇناسىپ. چۈنكى يەر شارى ئاللاھنىڭ.

بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام گۇرۇھلىرى جۇش جۇش ئۇرۇپ ئالغان ئىلگىرىلىگەن چېغىدا، ئەسلىدە بار بولغان دۆلەت ئاپپاراتلىرى، جەمئىيەت ئىجتىمائىي تۈزۈمى، شۇنىڭدەك يەرلىك كۈچلەر ئۇنىڭ ئىلگىرلىشىنى توسسا، ئىسلام ئۇلارنى بىراقلا يوقىتىشقا ھەقلىق ۋە ھوقۇقلۇق، شۇندىلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىغا ئىسلام بىلەن بىۋاستە ئۇچرىششقا تولۇق پۇرسەت يارىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى بوغۇۋالغان كىشلەرنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، كىشلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ۋە ئىدىيە ئېڭىغا ئىسلام ھەقىقىتىنى ئاشكارا قىلالايدۇ. ۋە ئۇلارنى ئەركىن، ئىختىيارىچە تاللاشقا دەۋەت قىلىدۇ. بىز دىن دۈشمەنلىرىنىڭ «جىھاد» پىرىنسىپىغا قىلغان ھۇجۇمىغا ئالدانماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەس ـ ھۇشىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز لازىم. ھەتتا ئۇلار جىھادنىڭ ئۆزىدىكى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى دەلىل ـ ئاساس ئىزدىشىپ ئۇنى ۋاقىتلىق مۇداپىئە ھەرىكىتى دەپ كاپىشىسىمۇ! مەيلى بۇ نەزەرىيىۋى دەلىللەر كۈچكە ئىگە بولسۇن بولمىسۇن جىھاد يەنىلا ئۆز لىنىيىسىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. بۇ تارىخى ۋەقەلەرنى بايان قىلغىنىمىزدا ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. ئۇنىڭ باش چاقىرىقى ۋە ئەمەلى يولى ۋاقىتلىق مۇداپىئە ئېھتىياجى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام ئۇنىڭغا قىلىدىغان دۈشمەنلىكلەردىن ساقلىنىشى لازىم. چۈنكى ئىسلام مۇشۇ شەكىل (ئاللاھنىڭ دۇنياغا قىلغان ھۆكۈمرانلىقىنى جاكارلاش، ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە ئوخشاشلارغا بويسۇنۇشتىن ئازاد قىلىپ، بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشقا يېتەكلەش، يېڭىچە ئىسلام رەھبەرلىكىدىكى بىر تەشكىللىك ھەرىكەت گەۋدىسى قۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم بىز كۆزلىگەن پەقەت بىر ئاللاھقىلا بويسۇنۇپ باشقا ھەرقانداق ھۆكۈمرانلىقنى ئېتىراپ قىلمايدىغان مۇستەقىل جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلىش) بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەرخىل جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرى ئادەمنىڭ ئادەمگە قۇل قىلىنىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ جاھالەتلىك ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا بۇ يېڭى جەمئىيەت پائال ھەرىكەتلىنىپ ئۆزىنى قوغدىمىسا بولمايدۇ. بۇ كەم بولسا بولمايدىغان ھەرىكەت، ئۇ

ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ قىلمىسا بولمايدىغان جەڭگىۋار مەجبۇرىيىتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى مۇشۇ جەڭگە قاتنىنىشىش، بۇ ئىككى خىل مەۋجۇتلۇق ساقلىنىپ بولالمايدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك، قانۇنىيەتلىك، رىقابەتلىك كۈرەش.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈلاتتەك پاكىت. مۇشۇ نۇقتىنەزەرگە ئاساسلىنىپ ئىسلام ئۆزىنى چوقۇم قوغدىشى كېرەك. چوقۇم ھەرگىز چەتكە قېقىلمايدىغان مۇداپىئە ئۇرۇشىغا قاتنىنىشىش كېرەك.

بىراق بۇ پۈلاتتەك پاكىتتىن باشقا يەنە بىر تېخىمۇ «پۈلاتتەك» پاكىت (ھەقىقەت) بار. ئۇ بولسىمۇ ئىسلامنىڭ ئۆزىدىكى ئەسلى ئالاھىدىلىكى توختىماي كېڭىيىشى، تارقىلىش، ئىلگىرىلەش، كۈچلىنىشتۇر. ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇشى، ئادەملەرنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشى كېرەك. شۇڭا ئۇ جۇغراپىيىلىك چەكلىمىدە توختاپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. مىللەت، ئىرق چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس! بەلكى ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن.

خۇددى ئىسلام ئۇلارنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچىدە، يەنى ئادەمنى قۇل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا، ئۆزى بىلگىنىچە ئىشلارنى يوق قويغاندەك، خۇددى ئىسلامنىڭ ھەقىقى شۇئارىنى ئۇلارغا يەتكۈزمىگەندەك، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئىسلامغا ھۇجۇم قىلماسلىقنى مۇۋاپىق دەپ ھېس قىلىشىدۇ. پەقەت ئۇلار جىزىيە تاپشۇرۇش شەكلى بىلەن ئىسلامغا بويسۇنۇشنى بىلدۈرسە، ئىسلام تەشۋىقاتىغا ئىشىكنى ئېچىۋەتسە، ھازىرقى سىياسىي ھاكىمىيىتى بىلەن ماددى توسالغۇ پەيدا قىلىسا، ئۇلار بىلەن قەتئىي مۇرەسسەلەشمەيدۇ.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ماھىيىتى، ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇرچى، ئۇنىڭ ھۆكۈم ئۆلچىمى ئاللاھنىڭ دۇنياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى بىلدۈرىدىغان، بارلىق ئىنسانلارنى شۇ ئىنسانلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىدىغان، قۇتقۇزىدىغان باش چاقىرىق.

ئىسلامنىڭ بۇ خىل ماھىيىتى بىلەن ئۇنى جۇغراپىيىلىك ئىرق، مىللەت كاتىگورىيىسىدە چەكلەپ قويىدىغان كۆز قاراش بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. چۈنكى ئۇ ئىسلامنى تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇشتىن باشقا ھەرىكەت قوللانماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش ئاستىدا ئىسلام ئۆزىنىڭ ھەقىقي مۇددىئا، ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويامدۇ؟

بىزگە ئىسلامنىڭ بىر ئادەتتىكى ئادەمنىڭ قارشى ياكى بىرەر مەزھەپنىڭ تەلىماتى ھەر بىرەر ئىرق، مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا تۈزۈپ بەرگەن تۇرمۇش يولى ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. بىز پەقەت ئىسلام ۋەزىپىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەپ، ئىنسانلارنىڭ چاكارلىق ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتنى چىقىرىپ تاشلىغىنىمىزدا بىز ئاندىن ئىسلامغا يات تاشقى ئاساسلارنى ئىزدەپ سالىمىز. بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئىسلام جىھاد باشقا تاشقى ئاساسلارنى ئىزدەپ يۈرمەيدۇ. بۇ خىل كۆز ـ قاراش ئىسلامنىڭ ئەسلى گەۋدىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا باشقا جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرى مۇقەررەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىزغا تۇتىشىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق ئەمەس. ھەرقانداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا جەڭ قىلىدۇ.

بىراق يولنىڭ ئاخىرىنى ئويدان ئويلاپ باقمىساق ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئىدىيىسى ۋە كۆز قارىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك.

بىر خىل كۆز قاراش ئىسلام بىر ئىلاھى يول، مەقسىتى زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەقەت ئاللاھقا بولغان بويسۇنۇشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھەم بۇ ئۇمۇمى چاقىرىقنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈش، بۇ جەمئىيەتتە ئىنسانلارنى ئازاد قىلىش، ئادەمنىڭ ئادەمگە قۇللىقىنى ئادەمنىڭ ئاللاھ قۇللىقىغا ئۆزگەرتىش، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى، باشقىچە ئېيتقاندا ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىسلام قانۇنى بىلەن شەخسىي ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ھەل قىلىدۇ، تۈزەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام ئۇلارنىڭ ئىلگىرلەش يولىدىكى ھەرقانداق پۈتلىكاشاڭ، توسالغۇلارنى پاچاقلاپ تاشلاشقا، دۆلەتنىڭ سىياسىي گەۋدىسى چۈشەندۈرۈشكە ھوقۇقلۇق دەپ قارايدۇ.ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ توسالغۇسىنى يوقاتقان ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە ئىدىيىسىگە ئىسلام ھەقىقىتىنى ئاشكارىلاپ

يەنە بىر خىل كۆز قاراش، ئىسلام بەلگىلىك دۆلەت، مىللەتنىڭ تۈزۈمى، يەرلىك قانۇنى شۇڭ ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە قىلىنغان تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇشقا ھوقۇقلۇق دەپ قارايدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ ئىككى كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زور پەرق بار.

ئالدىنقىسمۇ بىر خىل كۆز قاراش، كېيىنكىسمۇ بىر خىل كۆز قاراش، گەرچە ئىسلام مۇشۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇش قىلىسمۇ، بىراق ئىسلام جىھادىنىڭ مۇددىئاسى، نىشانى ۋە نەتىجىسىگە بولغان ئۇمۇمىي قاراش ھەقىقەتەنمۇ ئوخشمايدۇ. بۇ پەقەتلا بىر قەدەم باسقۇچ ۋە يۆنىلىش مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى ئېتىقاد مەسىلىسى.

ئىسلام تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاۋال ھەرىكەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، چۈنكى ئىسلام مەلۇم مىللەت، ئېرقنىڭ ئېتىقادى ياكى بىرەر دۆلەتنىڭ تۈزۈمى ئەمەس. بەلكى ئاللاھتىن كەلگەن مۇقەددەس يول پۈتۈن دۇنيانىڭ تۈزۈمى، شۇڭا ئىسلام ھەرىكەت قوللىنىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئىختىيارىچە تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتنى پاچاقلاشقا ھوقۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۆلچىمى كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلماسلىق، ئېتىقادنى مەجبۇرلىماسلىق، بەلكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئۆرپ - ئادەتنى پاچاقلاپ تاشلاپ بوغۇۋېلىنغان ئىنسانى ئەركىنلىكنى ئازاد قىلىش، ئىنسانىي توغرا تەبىئەتكە زىت بولغان ناچار، قەبىھ تەسىرلەرنى يوقىتىشتۇر.

ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئوخشاشلارغا بويسۇنۇشتىن ئاللاھقا بويسۇندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىسلام دۇنيا قارىشىدا (ئەمەلىي ئەھۋالمۇ شۇنداق) پەقەت ئىسلام تۈزۈمى ئاستىدا پەقەت ئاللاھقا بولغان مۇتلەق قۇلچىلىق، مۇتلەق بويسۇنۇش ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەقەت مۇشۇ تۈزۈم ئاستىدىلا ئاللاھ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا باي - كەمبەغەل، پۇقرا - باشلىق، دېھقان - سودىگەر، مەرتىۋىلىك - مەرتىۋىسىز، ئاق تەنلىك - قارا تەنلىك ھەممىسىگە بىردەك قانۇن تۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ قانۇن ئالدىدا

ھەممە باپ باراۋەر، مۇتلەق بويسۇنىدۇ. بىراق باشقا تۈزۈملەر ئالدىدا ئادەمگە چوقۇنىدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى ئادەمدىن تۇرمۇش قانۇنلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە قانۇن تۈزۈش ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى، ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىدە قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى بار دەيدىكەن مەيلى ئاشكارا جاكارلىسۇن ياكى جاكارلىمىسۇن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى خۇدا قىلىۋالغانلىق، كىم ئۇلاردا مۇشۇ ھوقۇق بار دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەن ئۇلار ئۇنى خۇدا دەپ ئاتىسۇن ياكى ئاتىمىسۇن ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى قىلىۋالغانلىق!

ئىسلام پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئېتىقادى تەشۋىقات شەكلى بىلەن تارقىلىپ قويۇپلا كۇپايىلىنىدىغان نۇقۇل ئېتىقادلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھەرىكەتچان ئىچىدە ھەرىكەتلىنىدىغان، ھەرىكەتلىنىپ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئازاد قىلىدىغان يولدۇر.

ھەرخىل جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۆزلىكىدىن ئورۇن بىكارلىمايدۇ، ئىسلامنى ئۆزىنىڭ يولى بويىچە ئىنسانلارنى تەشكىللەشكە يول قويمايدۇ! شۇڭلاشقا ئىسلام بۇ تۈزۈملەرنى ئىنسانلارنىڭ ئۇمۇمي ئازادلىقىدىكى پۈتلىكاشاڭ دەپ قاراپ قەتئىي ھالدا پاچاقلاپ تاشلايدۇ. بۇ دەل يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەقىقى مەنىسى. شۇنداق قىلىپ بارلىق قۇللۇق ئاساسىدىكى جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەرقانداق ھوقۇق ۋە بويسۇنۇش ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېچقاسىغا تەۋە بولمايدۇ! ھازىرقى ئەھۋالنىڭ بېسىمى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا ئىشەنچىنى يوقاتقان ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغىنىدا ئازراق تارتىنىشىدۇ. چۈنكى دىن دۈشمەنلىرى ئالىقاچان ئىسلامغا «قىلىچ بىلەن مەجبۇرى ھالدا ئادەملەرگە ئېتىقادنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ قويۇشتى. بۇ ئىپلاس كىشىلەر، بۇنىڭ ھەرگىزمۇ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. پەقەت بۇ نېمىلەر بۇ خىل يول بىلەن ئىسلامى جىھادنىڭ ھەقىقى مۇددىئاسىنى بۇرمىلىماقچى بولىدۇ.

بۇ نۇقتا ئاتالمىش، ئىسلامنىڭ ئابرۇيى، شەرىپىنى قوغدىغۇچىلار (ھېلىقى ئىشەنچ يوقاتقان مەغلۇبلار) نى بۇ خاتا كۆز قاراشلارنى (ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ دېگەندەك) ئىنكار قىلدۇرىدۇ. بىراق ئۇلار ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ۋە بۇرچىغا سەل قارىغان، ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتنى ئازاج قىلىدىغان ئاساسي ھوقۇقنى ئۇنتۇپ قالغان ھازىرقى زامان ئالىملىرىمىز (ئىشەنچىنى يوقاتقان مەغلۇبىيەتچىلەر) نىڭ ئىدىيىسى دىنىنىڭ ماھىيىتىگە غەربچە قارايدىغان بولۇپ قالغان. غەربلىكلەر، دىن پەقەت ئادەم قەلبىدىكى ئېتىقاد، تۇرمۇش تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇڭلاشقا دىن ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشنى ماھىيەتتە كىشىلەرگە ئېتىقادنى زورلاش ئۇرۇشى دەپ قارايدۇ.

بىراق ئىسلامنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ئەمەس، ئىسلام بولسا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يول، ئۇ ئىلاھلىقنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. (ئىلاھلىق دەل ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا گەۋدىلىنىدۇ) ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل كۈندىلىك ئىشلىرىنى تەشكىللەيدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تۈزۈمنى ھەقىقى

تىكلەيدىغان كۆرەشتۇر. ئېتىقاد مەسىلىسىگە كەلسەك، بارلىق تەسىر، ئامىللار تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇمۇمىي تۈزۈمنىڭ سىياسىتى ئاستىدا ئېتىقادنى خالىغانچە تاللايدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلامى كۆز قاراش ۋە غەربچە كۆز قاراش تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە ئىسلامنىڭ نامايەن قىلىدىغىنى بىر پۈتۈن يېڭىچە قىياپەت!

مەيلى قاچان، قەيەردە بولمىسۇن، ئىسلامنى گەۋدىلەندۈرىدىغان جەمئىيەت مەيدانغا چىقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ تۈزۈمنى تىكلەپ ئىلگىرىلەش ۋە ھەرىكەتلىنىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ئىمان، ئېتىقاد مەسىلىسىنى كىشىلەرنىڭ ئەركىن تاللىشىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ مەلۇم مەزگىل ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد قىلىشىنى چەكلىسە، بۇ قەدەم باسقۇچ ۋە ھەرىكەت ئېھتىياجى مەسىلىسى، ھەرگىزمۇ پىرىنسىپ، ئېتىقاد مەسىلىسى ئەمەس، بۇ روشەن ئاساس ئۈستىدە بىز ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچلاردىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلەيمىز. بۇ ئوخشىمىغان باسقۇچتىكى ئايەتلەر ئىپادىلەيدىغان مەنبە بىلەن ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۇزۇن ۋە تەۋرەنمەس مۇساپىسىدىكى باش نىشان ئۇتتۇرىسىدىكى پەرقىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

## لا اله الا الله — ھەقىقى ھايات يولى

پەقەت ئاللاھغى بويسۇنۇش ئىمان (ئېتىقاد) تۈۋرۈكىنىڭ بىرىنچى ئاملى. (مۇھىم تەركىبى قىسمى). ئۇ «لا اله الا الله» دېگەن جۈملىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق بويسۇنۇش, چوقۇنۇشنىڭ كونكرېت شەكىللىرىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش بولسا بۇ تۈۋرۈكنىڭ 2-ئاملى. ئۇ «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» تا گەۋدىلىنىدۇ. بويسۇنىدىغان، ئىشەنگەن قەلب بۇ پىرىنسىپنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىككى ئاملىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. چۈنكى بۇنىڭدىكى باشقا ئېتىقاد تەركىبلىرى، ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەجبۇرىيەت ۋەزىپىلىرى ۋە پىرىنسىپتىن كېلىپ چىققان مۇقەررەر نەتىجە، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەتكە، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق پەرزلەر، يەنى ھالال - ھارام، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، قانۇن - تۈزۈم بەلگىلەش، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنىڭ قوماندانى بولغان ئىسلام كۆرسەتمىلىرى، جىنايى ئىشلار قانۇن - جازا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ پىرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. مۇشۇ بۇلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن يەتكۈزۈلگەنلىكىدە.

ئىسلام جەمئىيىتى دەل مۇشۇ پىرىنسىپ ۋە شۇنىڭدەك تەشكىللەنگەن ھەرخىل تەركىبى قىسىملەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جەمئىيەت، ئەگەر ئۇلار ئىزچىللاشمىسا ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلاملاشقان جەمئىيەت بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «لا اله الا الله محمد رسول الله» دېگەن بۇ كەلىمە بارلىق ئىسلام ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تىكلەيدىغان مۇكەممەل پىرىنسىپتۇر. بۇ خۇددى ئەگەر تۇرمۇش

بۇنىڭدىن باشقا پىرىنسىپ ئۈستىگە تىكلەنسە، ياكى باشقا پىرىنسىپ قوشۇمچە قىلىپ قويۇلسا، ياكى سىرتتىن كەلگەن پىرىنسىپلار تىڭىلسا، بۇ ئىسلامى تۇرمۇش بولالمىغانغا ئوخشاش، بۇ پىرىنسىپ تىكلەنمىگەن تۇرمۇش ئىسلامى تۇرمۇش بولالمايدۇ.

ئاللاھ [سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىنىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھ غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ] سۈرە يۈسۈپ 40- ئايەت.

بۇ كەلىمە روشەن خىتابنامە، بىزنى ئىسلام ھەقىقىتىگە ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە دائىر ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا يېتەكلەيدۇ.

1) ئۇ بىزنى «ئىسلام جەمئىيەتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى»

2) «ئىسلام جەمئىيەتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى يولىنى»

3) «ئىسلامنىڭ جاھىلىيەت جەمئىيىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى»

4) «ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا تۇتقان كۆرسەتمىسىنى» ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا يېتەكلەيدۇ. بۇ مەسىلىلەر قەدىمدىن تارتىپ ئىسلام ھەرىكىتى يولىدىكى ئىنتايىن زور مۇھىم تېمىلاردىن بولۇپ كەلمەكتە. (كەلدى)

ئىسلام جەمئىيەتىنىڭ كۆرۈنەرلىك بىرىنچى ئالاھىدىلىكى دەل «بۇ خىل جەمئىيەتىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئاللاھقا بويسۇنۇش پىرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان، بۇ بويسۇنۇش «**لا اله الا الله محمد رسول الله**» دېگەن كەلىمە ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ ۋە يېتەكلىنىدۇ. بۇ خىل بويسۇنۇش، ئېتىقادتا، ئىبادەتتە (كونكرېت ئىبادەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت) ۋە شۇنداقلا جەمئىيەت قانۇن ـ تۈزۈمىدە گەۋدىلىنىدۇ.

كىم ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەيدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى بولالمايدۇ. ئاللاھ: [ئاللاھ: «ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئىبادەت ھەمىشە ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن بۆلەك غەيرىيدىن قورقامسىلەر؟.] دېدى سۈرە نەھل 51 – 52 ـ ئايەتلەر.

كىم ئاللاھتىن باشقا ۋە نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىپ بويسۇنىدىكەن ياكى ئاللاھ ۋە باشقىلارغا بىرلا ۋاقىتتا ئىبادەت قىلىپ بويسۇنىدىكەن ياكى ئۇلاردىن قورقىدىكەن يەنىلا ئاللاھنىڭ بەندىسى ئەمەس. [ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھ غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن».] سۈرە ئەنئام 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

كىم ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئارقىلىق بىزگە كۆرسەتكەن يولدىن باشقا قانۇن - تۈزۈم قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇمۇ ھەقىقى بەندە ئەمەس. [ئۇلارغا بىز قۇرئاندىن ئىلگىرى (قانداقتۇر) بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابقا مەھكەم ئىسلامدۇ؟] سۈرە زۇخرۇف 21 - ئايەت.

[ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.] سۈرە ھەشىر 7- ئايەت.

مانا بۇ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئاللاھقا بوسۇنۇشتىن ئىبارەت پىرىنسىپ، بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېتىقاد قارىشىدا، بارلىق چوقۇنۇش ۋە كۆرسەتمىلىرىدە، بارلىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قانۇن - تۈزۈمدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن قايسىبىرى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدىكەن ئىسلام تۈزۈممۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولسا ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكى «لا اله الا الله» ئەمەلىي مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولىدۇ.

بىز ئاللىقاچان سۆزلەپ ئۆتكەن «ئاللاھقا بويسۇنۇش ئېتىقادتا گەۋدىلىنىدۇ» دېگەن ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، بىز بۇ يەردە يەنىلا ئەڭ ياخشىسى ئىسلامى ئېتىقاد ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەيلى.

ئۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئېرىشىدىغان ئېتىقاد ھەقىقتى، ھەم كىشىلەر ئېڭىدا شەكىللىنىدىغان بىر خىل نۇقتىئىنەزەردۇر.

«ئاللاھقا ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى شەرتسىز ئىجرا بارلىققا كېلىش يولى قانداق بولىدۇ؟»

پەقەت بىر تۈركۈم ئۆزىنىڭ قۇلچىلىقىنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇغان، ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشنى قەتئىي رەت قىلغان، ئېتىقاد، كۆز قاراش، ئىبادەتتە، ئىجتىمائىي قانۇن - تۈزۈمدە، ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلغان مۇسۇلمانلار بارلىققا كەلسە، مۇشۇ بويسۇنۇش ئېتىقادىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى تازىلاپ، ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەردە ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتى بار دېگەننى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىنى ئىبادىتىنى پاكلاپ، ئۆزىنى ئاللاھقا خاس قىلىپ، قانۇننى پاكلاپ ئاللاھنىڭكىدىن باشقىسىدىن ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ گۇرۇھ پەقەت ئىسلامى گۇرۇھ بولالايدۇ. ئۇلار قۇرغان جەمئىيەتتىمۇ ئەلۋەتتە ئوخشۇشلۇق ھالدا مۇكەممەل بولغان ئىسلام جەمئىيىتى بولىدۇ. ئادەملەر ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن (پەقەت ئاللاھقىلا بويسۇنۇشنى ئېتىراب قىلىشتىن بۇرۇن) ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇلار مۇشۇ پىرىنسىپتا تۇرمۇشنى تىكلەشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىمۇ ئىسلام جەمئىيىتى ئەمەس، ئۇنىڭ سەۋەبى

ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى ئاساسى «لا اله الا الله محمد رسول الله» دىكى ئىككىنچى ئامىل (مەزمۇن) مۇكەممەل بىرلەشمىگەن.

شۇڭلاشقا، ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈمى، تىكلەشتە باش قاتۇرۇپ، بۇ خىل تۈزۈمنى ئازاد قىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى تىكلەشتىن ئىلگىرى چوقۇم زېھنى - قۇۋۋىتىمىزنى چوقۇم كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پاكلاشقا، ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ قەلبى ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشتىن تازىلانغان ئادەملەرنى بىر ئىسلام گۇرۇھىغا توپلاش كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى مۇشۇنىڭدىن بارلىققا كېلىدۇ. كىم ئۆزىنىڭ ئېتىقاد، قانۇنىدا ئاللاھقا بولغان بىر خىل بويسۇنۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ ھەم بۇ جەمئىيەتتە ياشىسا، بۇ گۇرۇھقا قاتنىشىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا بۇنىڭ ئىچىدە «لا الة الا ظاللاه محمد رسول الله» گەۋدىلەندۈرىدۇ. دەسلەپكى ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇزغان تۇنجى ئىسلام گۇرۇھىمۇ مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن. بارلىق ئىسلام گۇرۇھلىرى مۇشۇنداق بارلىققا كېلىشى، ئىسلام جەمئىيىتىمۇ مۇشۇنداق قۇرۇلۇشى لازىم.

بىر ئىسلام جەمئىيىتى نۇرغۇن شەخس ۋە گۇرۇھلارنىڭ ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشتىن ئاللاھقا بويسۇنۇشقا يۈزلىنىشى ۋە مۇشۇ بويسۇنۇش ئاساسىدا ئۇنىڭ تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق يېڭى دەۋر مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ دەۋر شەكىللەندۈرگەن جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن بىخلىنىپ چىققان يېڭى بىر ئېتىقاد جاھىلىيەت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىش نەتىجىسىدە، بۇ خىل يېڭى ئېتىقاد ئاساسىدا بىر خىل يېڭى تۇرمۇش ئەندىزىسىنى شەكىللىنىدۇ ۋە يېڭى تۇرمۇش تۈزۈمى تىكلىنىدۇ. ئۇنىڭدا «لا اله الا الله محمد رسول الله» دىن ئىبارەت باش پىرىنسىپ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. كونا جاھىلىيەت جەمئىيىتى پۈتۈنلەي ھەممىسى بىرلىكتە يېڭى ئىسلام جەمئىيىتىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا ئۇ، ئېھتىمال ئىسلام بىلەن تېنچلىقنى ساقلىشى ھەتتا ئىسلامغا جەڭ ئېلان قىلىشىمۇ مۇمكىن. تارىخ قانۇنىيىتى ئاللىقاچان بىزگە مەيلى مەيدانغا كېلىش باسقۇچىدىكى ئىسلام ئاۋانگىرتلىرىغا (شەخس، گۇرۇھ) ياكى ئاللىقاچان قۇرۇلۇپ بولغان ئىسلام جەمئىيىتىگىمۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ چوقۇم ۋەھشىيانە جەڭلەرنى قوزغايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇلار نوھ ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر بولغان ئىسلام تارقىلىش تارىخىدا قىلچە مۇستەسناسىز يۈز بەرگەن.

ئەگەر يېڭى ئىسلام جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى كونا جاھىلىيەت جەمئىيىنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرالىغۇدەك ھالغا كەلمىسە ئىسلام جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى مۇستەھكەملىيەلمەيدۇ. بۇ خىل ئەمەلىي كۈچنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغىنى ئېتىقاد كۈچى، ئىدىيە، شەخس، مەنىۋى تەربىيە ۋە ئەخلاق سەۋىيىسى، تەشكىللەش قابىلىيىتى ۋە جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ دەرىجىسى، شۇنىڭدەك باشقا بارلىق جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئاز دېگەندىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئەگمەي قەد كۆتۈرۈپ تىك تۇرالايدىغان يىمىرىلمەس ئەمەلىي كۈچتۇر!

بىراق جاھىلىيەت جەمئىيىتى دېگەن نېمە؟ ئىسلامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مەيدانى قانداق؟

جاھىلىيەت جەمئىيىتى، بارلىق ئىسلامى بولمىغان جەمئىيەتتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئوبېكتىپ تەبىر بېرىدىغان بولساق شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ بارلىق بويسۇنۇشنى ئاللاھقا قىلمايدىغان جەمئىيەتتۇر. بۇ خىل بويسۇنۇش ئېتىقادتا، ئىبادەتتە، ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈمدە گەۋدىلىنىدۇ. مۇشۇ ئوبېكتىپ تەبىرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىدىغان بولساق، بۈگۈن زېمىندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رەڭگارەڭ جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى شەك ـ شۈبھىسىز بۇ جاھىلىيەت كاتوگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئاۋال بۇ كاتوگورىيىگە كىرىدىغىنى كوممۇنىزىم جەمئىيەتتۇر. چۈنكى بىرىنچىدىن ئۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەنلا قالماي ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى «ماددا»، تەبىئەتتىن شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىدىكى بارلىق ئامىللارنى «ئىقتىساد» ۋە «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى» گە باغلاپ قويىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇلار بىر پارتىيە ياكى بەر تەشكىلاتقا بويسۇنىدىغان تۈزۈم ئورناتقان بۇ تۈزۈمدىكىلەر ھەرگىزمۇ ئاللاھقا چوقۇنمايدۇ! ئەڭ ئاخىرىدا بۇ خىل تۈزۈم ۋە كۆز قاراش ئېلىپ كەلگىنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، پەسكەشلىشىشى بولدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى پەقەت ھايۋانى شەكىلدىكى يېيىش، ئىچىش، كىيىش، تۇرالغۇ، جىنسى ھەۋەس دەپ قارايدۇ! ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە مەنىۋى ئېھتىياج پەقەت ئادەمنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى، ئۇلار ئېتىقاد تاللاش ۋە ئېتىقاد ئىپادىلەيدىغان ئەركىنلىكنى تارتىۋالىدۇ. بۇ نۇقتا ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەت. بۇ خىل خۇسۇسىيەت (خاسلىق) شەخسنىڭ شەخسىي مۈلكىگە بولغان ئىگىدارچىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. خىزمەت ۋە كەسىپ تاللاش ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى شەخسى بەدىئىي ئىپادە، ھەتتا كىچىككىنە ئادەمنى «ھايۋاندىن» «زاپچاس»، «ماشىنا» دىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ چەتكە قاقىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى مەيلى سوتسىيالىستىك كۆز قاراش ياكى سوتسىيالىستىك تۈزۈم بولسۇن، نۇرغۇن ئەھۋال ئاستىدا ئادەمنى «ھايۋان» ھەتتا «سايمان»، «زاپچاس» دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ!

2. بارلىق بۇتقا ۋە كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان جەمئىيەتلەر بۇ يەنىلا ھىندىستان، ياپونىيە، جۇڭگو، فىلىپپىن ۋە ئافرىقىدا ساقلانماقتا. بىرىنچىدىن ئۇ ئاللاھتىن باشقا ئادەم ۋە نەرسىگە چوقۇنۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئىككىنچىدىن، ئۇ جەمئىيەت ھەرخىل يالغان ئىلاھ ۋە باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچى نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىدۇ. ھەم ئۇلاردا ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتى بار دەپ ئىشىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىلاھى قانۇنىيىتى ئىسلامنى ئاساس قىلىپ قانۇن تۈزمەستىن، بۇتخانا، ئىبادەتخانىلارنىڭ راھىبلىرى، دەرۋىش، پىرىخون، سېھرىگەر، «مۇنەججىم» لەر ياكى قانۇن تۈزۈش ئىمتىيازىغا ئىگە كومىتىتلار ياكى پارتىيە، خەلق ۋە باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان ئادەم ياكى ئورگانلارنى ئاساس قىلىپ قانۇن تۈزىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقىلا

خاس ئىكەنلىكىنى ھەم ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ يەتكۈزگەن شەكلى بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

3. دۇنيادىكى بارلىق يەھۇدى، خرىستىئان جەمئىيەتلىرى بۇ كاتىگورىيىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئاللاھقا خاس قىلمايدۇ. نۇرغۇن شەكىللەر بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئوغلى بار دەپ قاراش، ئۈچ گەۋدە بىر ئىلاھ نەزەرىيىسى، شۇنىڭدەك ئاللاھقا بولغان خاتا ئۇقۇم، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتى، ھەممىسى بۇ جەمئىيەتتە تېپىلىدۇ.

[يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىسا) ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھنىڭ بالىسى باردەپ) ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ.] سۈرە تەۋبە 30- ئايەت.

[ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.] سۈرە مائىدە 73 ـ ئايەت.

[يەھۇدىيلار: « ئاللاھنىڭ قولى باغلاغلىقتۇر (يەنى ئاللاھ بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر) » دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق بىلەن كۇفرىنى ئاشۇرىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا دۈشمەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىنى زىيادە قىلىدۇ). بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق، ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاغا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.] سۈرە مائىدە 64- ئايەت.

[يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا- بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرنى گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.] سۈرە مائىدە 18- ئايەت.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ دىنى ئىبادەت، مۇراسىم شەكىللىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەممىسى ھېلىقى بولغان، ھەقتىن ئايرىلغان ئېتىقادقا يېلتىز تارتقان، ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا بويسۇنۇش ئاساسىغا قۇرۇلمىغان. ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاسلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆلچەم قىلمايدۇ. بەلكى ئۆزلىرى ئورگانلارنى قۇرۇپ ئەسلىدىن ئاللاھقا خاس ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىنسانلارغا بېرىدۇ. تارىختىمۇ ئۇلار بۇ ھوقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ پوپ روھانىلىرىغا بېرىشكەن. ھەم شۇلار تۈزۈپ بەرگەن قانۇنغا رىئايە قىلغان. ئاللاھ ئۇلارنى مۇشرىكلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ:

[ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھبىرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر.] سۈرە تەۋبە 31- ئايەت.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پوپ ـ روھانىلىرىنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلمايتتى. ھەم ئۇلارغا مەخسۇس ئىبادەتمۇ قىلمايتتى. ئۇلار پەقەت ئاشۇلارلا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. ھەم ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق ھالدا تۈزۈپ بەرگەن قانۇننى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنداقتا بۈگۈنكى يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلار مۇشرىك ۋە دىنغا ئاسيىلىق قىلغۇچى دېگەن ئەيىبكە تېخىمۇ ئۇچرىشى كېرەك.

ئۇلار ئاللاھتىن باشقا ھۆكۈمرانلىققا بويسۇنىدۇ، ھەم ئۇ يەردە تۇرمۇش تۈزۈمى، قانۇن ـ نىزام، قىممەت قارشى، ئەنئەنىۋى ئادەت شۇنىڭدەك بارلىق تۇرمۇش تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ! ئۇلار توغرىلىق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

[بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللا (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل ـ مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.] سۈرە مائىدە 44- ئايەت.

باشقۇرۇلىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ، [ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا

ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.] سۈرە نىسا 60 - ئايەت.

[(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.] سۈرە نىسا 65- ئايەت.

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، دىنغا ئاسىيلىق قىلىش، ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىقتىن چەتنەپ ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈپ، پوپ - روھانىلارنى ھۆكۈمران قىلىۋالغانلارنى يەھۇدى خىرىستىئان دەپ بايان قىلدى. ئاللاھ يەھۇدى ۋە خىرىستىئانلارنىڭ بۇ خىل جىنايىتىنى كىشىلەرنىڭ ئەيسانى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنغۇدەك بىر خىل ھەرىكەت دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھقىلا بويسۇنۇش پىرىنسىپىدىن ئايرىلغان، ئاللاھنىڭ توغرا دىنىدىن «لا اله الا الله» دىن ئىبارەت قەسەمدىن ئايرىلغان.

«مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ» ئىچىدىكى بەزى جەمئىيەتلەر ئاشكارا ھالدا ئۆزىنىڭ دىنىدىن خالىلىقىنى، ئىسلام بىلەن مۇناسىۋەتتىن ئايرىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. يەنە بەزىلىرى دىنىنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى جاكارلىشىدۇ. بىراق ئىسلامنى جەمئىيەت تۈزۈمىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئۇ ئۆزىچە ئىلىم - پەن ۋە ماددى دۇنيانى راست دەپ قاراپ، مەنىۋى دۇنيانى ئىنكار قىلىپ، ئىلىم - پەننى ئاساس قىلىپ جەمئىيەت تۈزۈمىنى قۇرىدۇ. ئۇ پەقەت نادانلارنىڭ خاتا سەپسەتىسى!

يەنە بەزىلىرى ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ نەپسى - خاھىشى بويىچە قانۇن تۈزۈپ ئۇنى ئاللاھنىڭ قانۇنى دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى!

ئەمەلىيەتتە «لا اله الله» دىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپتىن ئايرىلغانلىق.

ئەگەر بىز بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغان بولساق، ئىسلامنىڭ جاھىلىيەت جەمئىيىتىگە بولغان مەيدانىنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئىسلام ھەرگىزمۇ بۇ رەڭگارەڭ جەمئىيەتلەر كۆز - كۆز قىلىپ بەسلىشىۋاتقان شۇئار، ۋەۋىسكا قاتارلىقلارغا پىسەنت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ماھىيەتكە ئىگە. ئۇ بولسىمۇ بۇ جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇشى ئاللاھقا بويسۇنۇش ئاساسىغا قۇرۇلمىغان، ئۇ باشقا بارلىق جەمئىيەتلەر بىلەن بىللە بۇ جاھىلىيەت كاتوگورىيىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

بىز ئاللىقاچان بۇ بابتا مۇلاھىزە قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى مەسىلىگە يېقىنلاشتۇق. ئۇ بولسىمۇ ئىسلامنىڭ بۈگۈن، ئەتە ھەتتا كەلگۈسىدىكى رېئال تۇرمۇشقا بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت.

بۇ يەردە مۇشۇ بابنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئاللاھقا بويسۇنۇش ئاساسىدا بولىدىغانلىقىنىڭ

ئەمدى بىزگە ياردىمى بولىدۇ. بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن كەسكىن ھالدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىمىز.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قۇرۇشتا ئاساسلىنىدىغان، تايىنىدىغان پىرىنسىپ نىمە؟ ئاللاھنىڭ دىنى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كىرگۈزۈپ بەرگەن يولىمۇ ياكى ئادەملەر ئۆزى پەيدا قىلىۋالغان يولمۇ؟

ئىسلام بۇ مەسىلىگە قارىتا شەكسىز، قىلچە ئىككىلەنمەستىن، كەسكىن جاۋاب بېرىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىنىدىغان پىرىنسىپى ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن يولى بولۇشى كېرەك. «لا اله الا الله محمد رسول الله» ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۆۋرىكى، ئەگەر بۇ پرىنسىپ تىكلەنمەيدىكەن، بۇ كەلىمىمىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ ھەم ئىجرا قىلىنمايدۇ. پەقەت ئاللاھقىلا بويسۇنۇش، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن شەكىللىنىدۇ. بولمىسا بۇ قەسەم ئەمەلگە ئاشمايدۇ. [ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.] سۈرە ھەشىر 7- ئايەت.

ئارقىدىنلا يەنە سورايدۇ: [«ياكى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى» دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟ قولىدا ئاللاھ نازىل قىلغان دەلىل- ئىسپات تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىن زالىم كىم بار؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»] سۈرە بەقەرە 140 - ئايەت.

[سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار.] سۈرە بەقەرە 216- ئايەت.

[ئىنسانغا (تۈرلۈك نېمەتلەرنى) بەرسەك (پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (چوڭچىلىق قىلىپ) پەرۋەردىگارىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ.

ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا ) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىڭلار كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ.

«روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن] سۈرە ئىسرا 83 - تىن 85 - ئايەتكىچە.

ھەممىنى بىلگۈچى، ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچىلا ئاندىن ھەقىقىي ھۆكۈمراندۇر. پەقەت ئۇنىڭ دىنىلا تۇرمۇشنى تۈزەشنىڭ يولى ۋە تۇرمۇشتا ئاساسلىنىدىغان پىرىنسىپ بولالايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا كەلسەك ئۇلارنىڭ نۇقتىنەزەر ۋە تەشەببۇسلىرى پەقەت چېرىكلىك، ھالاكەت ۋە ھەقتىن بۇرۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ ھېلىقى كىچىككىنە ئىلىم ۋە ياكى ھېچقانداق بىلىمى يوق كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئاللاھنىڭ دىنى ئادىل، لىللا، ئىسلامنىڭ تۇرمۇش يولى قىلچىمۇ مۇجمەل، چۈشىنىكسىز ئەمەس. ئۇ «مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ» تەرىپىدىن دائىرىلەنگە. ئۇ رەسۇلۇللاھ يەتكۈزگەن بارلىق پىرىنسىپلىق ئايەتلەر دائىرىسىدىن چەكلەنگەن، مەلۇم بىر ئىشتا ئەگەر ئېنىق بەلگىلىمە، ئايەت بولىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ ئايەت ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم بولىدۇ. ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قىياسى، قاراشلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئېنىق ئايەت، بەلگىلىمە بولمىسا ئالىملارنىڭ قىياسى، قاراشلىرىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ قىياس، قاراشلىرى چوقۇم ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىسلام يولىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان پىرىنسىپلىرىدىن كېلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ شەخسى ئارزۇ - ھەۋەسلىرى ئاساس قىلىنماسلىقى كېرەك. [ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.] سۈرە نىسا 59 - ئايەت.

شەخسى قاراشمۇ ھەم ئۇ ئاساسلىنىدىغان پىرىنسىپمۇ ھەممە ئېتىراب قىلغان، ئاممىغا تونۇشلۇق بولغان بولىدۇ. ئۇمۇ ئوخشاشلا ئادىل ھەم لىللا بولىدۇ. مۇجمەل، چۈشىنىكسىز ئەمەس. ئەمما ئۆزى قانۇن تۈزۈپ ئۇنى بۇ ئاللاھنىڭ قانۇن دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. پەقەت ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىكەنلىكىنى، بارلىق ھوقۇق ئىمتىيازنىڭ مەنبەئى پەقەتلا ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، «خەلق»، «پارتىيە»، ياكى ھەرقانداق ئادەم ئەمەسلىكىنى ئاشكارە جاكارلىغىنىدا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىدىن ئاللاھنىڭ ھەقىقى مەقسىتىنى ئىزلىسە ئۇ شەخسىي قاراش، قىياس ھېسابلانمايدۇ. بۇ خىل قىياس ۋە قاراش ھوقۇقى خۇددى ياۋرۇپا تارىخىدا بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان ئىلاھى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاش، ئىش قىلىپ ئاللاھنىڭ نامىدا ھوقۇقلۇق دەپ ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسىدە بولىۋەرمەيدۇ. ئىسلام ئۇنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن باشقا ھېچكىم ئاللاھ نامىدىن گەپ قىلالمايدۇ. پەقەت ئېنىق ئايەتلەرلا ۋە ھەدىسلا ئاللاھنىڭ قانۇنى ئۆلچىمى بولالايدۇ. «دىن رېئالىيەت ئۈچۈندۇر» دېگەن

ئۇقۇم خاتا چۈشىنىلدى ۋە خاتا ھالدا قوللىنىلدى، توغرا!!! ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام رېئاللىيەت ئۈچۈندۇر.

بىراق قايسى بىر خىل رېئاللىيەت ئۈچۈن؟

ئۇ ئىسلام ئۆزى قۇرىدىغان رېئاللىق، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن پۈتۈنلەي ئىنسانىي تۇغما تالانت خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ ئېھتىياجلارنى ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. [مەخلۇقاتنى ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر]

ئىسلام رېئاللىققا يۈزلەنگەنگىنىدە (مەيلى قانداق رېئاللىق بولسۇن) بىرىپلا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھامى تىكلەپ، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭغا نامىلارنى بېرىپ ئۆچۈرۈپ قويمايدۇ. بەلكى ئىسلامنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپىيەت، ئىنكار قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئەگەر بۇ خىل رېئاللىقتىن رازى بولمىسا، قايتىدىن يېڭى بىر رېئاللىق يارىتىدۇ، مانا بۇ «دىن رېئاللىيەت ئۈچۈندۇر» دېگەننىڭ ھەقىقىي مەنىسى، مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ئۇقۇمى!

بۇ ئېھتىمال مۇنداق مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن: «ئەجەبا ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۆزى ياراتقان رېئاللىقنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بولماسلىقى كېرەكمۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتە يەنىلا مۇنۇ سوئال ـ جاۋابقا قايتىشقا توغرا كېلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىلىدىغىنىڭلار كۆپمۇ؟ ياكى ئاللاھنىڭ بىلىدىغىنى كۆپمۇ؟» ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر».

ئاللاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ يەتكۈزگىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق بەختى ئاللاھنىڭ قانۇنى ئىچىدە، ئۇ ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەختىنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن زىت كېلىپ قالغانلىقىنى بايقىغۇدەك بولسا ئۇنداقتا ئۇلار دەپ خام ـ خىيال تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغان.

«بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت. ئاللاھ بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك ـ شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشلىرىغىلا ئەگىشىدۇ. ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ؟ ئاخىرەت ۋە دۇنيا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ)

ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئىمانسىزلار، ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەختىنى ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن زىت ئىكەن دەپ قارايدىكەن ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىدا ئەمەس ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولالمايدۇ.

# ئالەم قانۇنى

ئىسلام ئاللاھقا بويسۇنۇشنى ئاساس قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى، رېئال تۇرمۇشىدا ئىمان بىناسىنى تىكلەپ ھەم بۇ خىل بويسۇنۇشنى ھەر تەرەپتىن ئادەملەرنىڭ ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە قانۇندا گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىسلام پەقەت بۇ خىل بويسۇنۇشنى (بۇ خىل شەكىل بويىچە) پەقەت ئاللاھقىلا خاس قىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنىدە ئاندىن «لا اله الا الله» نىڭ ھەقىقى ئەسلى مەنىسى گەۋدىلىنىدۇ.

ئىسلام مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل بىناسىنى قۇرىدۇ. «لا اله الا الله محمد رسول الله» نى ئىسلام تۇرمۇش يولىنىڭ ئىپادىلىنىشى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئىسلام مانا مۇشۇ خىل ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ بىناسىنى قۇرغىنىدا ۋە باشقا كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان باشقا ھەرقانداق تۈزۈمدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسى، پۈتكۈل ئالەم، كائىنات، ئاللاھنىڭ مەخلۇقى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بار بولۇشنى خالىغىنىدا ئۇلار بار بولغان ھەم ئاللاھ كائىنات ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تەركىبى قىسىملىرىغا مۇۋاپىق ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى بىكىتكەن، يەنى كائىناتنىڭ ماكرو ۋە مىكرو ھەرىكەتلىرىنىڭ رەتلىك تەرتىپىنى بەلگىلىگەن.

[بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.] سۈرە نەمل 40 ـ ئايەت.

[ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.] سۈرە فۇرقان 2ـ ئايەت.

كائىناتنىڭ مەۋجۇتلىقىدا بىر ئارقا كۆرۈنۈش بار. ئۇنىڭ ئارقىسىدا مەلۇم بىر ئىرادە قىلغۇچى كۈچ قانۇنىيەت بويىچە باشقۇرۇپ، ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەڭشەپ تۇرىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەت كائىناتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئارىسىدا تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇيۇقسىز توقۇنۇشۇپ، قالايمىقانلىشىپ، زىددىيەتلىشىپ قالمايدۇ. تاكى خالىغان چەككە قەدەر شۇ قانۇنىيەت بويىچە تەرتىپلىك ھەرىكەتلىنىدۇ. خۇددى پۈتكۈل كائىنات مەۋجۇتلىقى ھېلىقى باشقۇرغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان، تەڭشەۋاتقان قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشىغا قەتئىي يول يوق. ئۇ ئىنچىل ھالدا تەرتىپلىك ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ. ئاللاھ خالىسا، ئۇ ۋەيران بولمايدۇ. كۈچىدىن قالمايدۇ.

[شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، ئاللاھ كېچە

بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر] سۈرە ئەئراف 54 - ئايەت.

ئادەم كائىناتنىڭ بىر ئەزاسى، ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى باشقۇرىدىغان قانۇنىيەت ھەرگىزمۇ پۈتكۈل كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس ئاللاھ كائىناتنى ياراتقىنىدەك ئادەمنىمۇ ياراتتى. ئۇنىڭ ماددى تەركىبى تۇپراقتۇر. ئاللاھ تۇپراقنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە ئۇنىڭدا بۇرۇن بولمىغان بەزى خۇسۇسىيەتلەرنى كىرگۈزۈپ بىر جانلىق ئادەم قىلدى. ئۇنىڭ رىزقى ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە بەلگۈلىشىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ جىسمانى بەدىنىدىن ئىلىپ ئېيتقاندا ئاللاھ بەلگىلىگەن تەبئىي قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. مەيلى خوشال بولسۇن - بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، (ئەلۋەتتە ئۇلار ئىككىسى ھەمكارلىشىدۇ. بىراق بوۋاقنى ھاياتلىق ئاتا قىلالمايدۇ.) بەلكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. قانۇنىيەت بويىچە ئاللاھ بەلگۈلىگەن ھامىلدارلىق مەزگىلىدىن كېيىن تەۋەللۇق قىلىش بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئاللاھ بەلگىلىك نىسبەت بىلەن ياراتقان ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ. نەپەسلىنىشىنىڭ مىقتارى، ئۇسۇلىنى ئاللاھ بەلگىلىگەن، ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، دەرت - ھەسرىتى، ئۆسۈپ، يېيىش - ئىچىش، ھەزىم قىلىشى، چىقىرىپ تاشلىشى ياكى بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ھايات تۇرۇشى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەركىن تاللىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنىيىتىگە ئاساسەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئادەم ۋە بارلىق كائىنات ئورگانىك، ئانئورگانىك ماددىلار پۈتۈنلەي شەرتسىز ھالدا ئاللاھنىڭ ئىرادە قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدۇ. كائىناتنى، ئىنسانلارنى ياراتقان ھەم بۇ ئىنسانلارنى كائىنات ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن قانۇنىيەتكە بويسۇندۇرغان ئاللاھ ئىنسانلارغا ھاياتلىقتا ئەركىن تاللاش ئىختىيارىنى بېرىپ بۇنى ئۇلارنىڭ تەبئىي تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ھەم بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بۇيرىدى. ئىسلام قانۇنىيىتى بۇ ئاساستىن ئىلىپ ئېيتقاندا پەقەت ئادەملەرنىڭ تۇغما تەبئىتى ۋە پۈتكۈل كائىنات مەۋجۇدلىقىنى كونترول قىلىدىغان ئىلاھى قانۇنىيەت بۇ خىل ماسلىق، بىردەكلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان چوڭ سىستېمىنىڭ ئۇمۇمى قانۇنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ئاللاھنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر بۇيرۇق، ھەر بىر چەكلىمىسى، ھەر بىر رۇخستى، ھەر بىر ئاگاھلاندۇرۇشى، ھەر بىر قانۇنى، ھەر بىر كۆرسەتمىسى كائىنات زور قانۇنىيىتىنىڭ تەركىبى قىسىملىرى، خۇددى بىز ھەر بىر ئادەم ھەر بىر مىنۇتتا كۆرۈۋاتقان يۈز بەرگەن ئىشلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ خاسلىقى (خۇسۇسىيىتى) بويىچە ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ ئىنتايىن توغرا ھەقلىقىنى، ھەرگىزمۇ تاسادىپى ئەمەسلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنى تەشكىللەش ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن ئىسلام قانۇنى

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ پۈتكۈل كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى، يەنى ئۇ كائىنات قانۇنىيىتى بىلەن بىرلەشكەن ھەم ماس تەڭشەلگەن، شۇڭلاشقا ئىسلام قانۇنىغا رىئايە قىلىش ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە كائىنات ھەرىكىتى ئارىسىدىكى ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى زۆرۈلۈكتىن كەلگەن. بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتىنى باشقۇرۇۋاتقان ھەم ئىنسانلارنىڭ تاشقى تۇرمۇشىنى باشقۇرۇۋاتقان قانۇنىيەت ئوتتۇرىسىدا ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈلىكىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئادەمنىڭ ئىچكى خاسلىقى ۋە ئىپاسدىسىنى تەڭشەشتىكى زۆرۈلىكتىن كەلگەن.

دەل ئادەملەر كائىناتنىڭ پۈتكۈل قانۇنىيىتىنى ئىگىلىيەلمىكەنلىكتىن ھەم ئۇمۇمىي قانۇنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ھەتتا ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى باشقۇرۇپ، ئۇنى ئادەمگە بويسۇندۇرۇۋاتقان ئىنسان تەبىئىي قانۇنىيىتىنىمۇ بىلىپ ئاللىمغانلىقتىن ئۇلاردا بۇلارغا نىسبەتەن مۇكەممەل بىر تونۇش بولمايدۇ.

شۇڭا ئۇلار ئىنسانىيەتكە ئىنسانلار تۇرمۇشى ۋە كائىنات ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان تۈزۈم بىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تەڭداشسىز ھوقۇقا پەقەت كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىنات ۋە ئىنسانىيەت بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى ئاللاھلا ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل ماسلىقنى ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىش بىر مۇقەررەر مەجبۇرىيەت بولۇپ قالدى. ئۇ ئىسلامنى ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر تۈرلۈك مەجبۇرىيەت، پەقەت ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ھەم بۇ بويسۇنۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق ئىگىلگەندىلا، ئىسلامنىڭ بىرىنچى تۈۋرىكىنىڭ «لا الە الا الله محمد رسول الله» نىڭ ھەقىقى مەنىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. بولمىسا شەخسىي تۇرمۇش ياكى كوللېكتىپ تۇرمۇشقا بولسۇن ئىسلام مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت تۇرمۇشى بىلەن كائىنات قانۇنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر ئىش ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن قوغداپ قىلىش، پەقەت مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن ئىنسانلار تىنچلىقتا بىللە تۇرالايدۇ.

تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش كىشىلەر تۇرمۇش ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىققا ئەگىشىپ ئورتاق بىر نىشانغا تەلپۈنۈش ئارقىلىق شۇنداقلا كىشىلەر ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ساغلام تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدا ماسلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ تۇغما تەبىئىتى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى ئىلاھى ئىسلام قانۇنى، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە تاشقا ھەرىكىتىنىڭ ئارىسىنى مۇۋاپىق، زىچ ھالدا تەڭشەپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ماسلىق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە بىر ئىناقلىق خاتىرجەملىك ئورنىتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا كۆپچىلىك ھەممىسى بىردەك بىر يولغا قەدەم باسىدۇ. بۇ يول دەل كائىنات ئۇمۇمىي قانۇنىيىتىنىڭ تەركىبى قىسمى، شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا ئادەملەر توغرا يولغا

ئەگەشكەنلىكتىن، ئۇلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا تەبىئەت سىرلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ. ھەرخىل يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ. ھەرقايسى يەرلەردىكى بايلىقلارنى قېزىپ ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە زىددىيەتسىز ۋە توقۇنۇشسىز ھالدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانىيەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىپ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن زىت بولغىنى دەل ئىنساننىڭ نەپسى ـ خاھىشى.

[ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى] سۈرە مۇئمىنۇن 71- ئايەت.

شۇڭلاشقا ئىسلام دۇنيا قارىشى كائىنات ۋە بارلىق مەۋجۇتات ھەقىقىتىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق مەسىلىلەر ناھايىتى، مۇۋاپىق، ياخشى ھەل قىلىنىدۇ. ئاللاھ مۇشۇنى ئۆلچەم قىلىپ ھەممىنى ئۆلچەيدۇ. بويسۇنغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ. ئازغانلارنى جازالايدۇ. مانا بۇ دىنىر ھەقىقەت. بۇندىن تاشقىرى ھېچقانداق تىلغا ئالغۇدەك ھەقىقەت يوق. ئاللاھ كائىناتتىكى بارلىق ئىشلار ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن قانۇنىيەت، كائىناتتىكى بارلىق جانلىق، جانسىز مەۋجۇتات ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

[سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟. بىز ( ئاھالىسى) كۇففار بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلاردىن كېيىن (ئورنىغا) باشقا قەۋمنى پەيدا قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەسخىرە قىلىپ ئېيتتى) «قاچماڭلار، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا، تۇرالغۇ جايىڭلارغا قايتىڭلار، سىلەردىن (مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەت) سورىلىشى مۇمكىن». ئۇلار: «ۋاي ئىست! ھەقىقەتەن بىز زالىم بولۇپتۇق» دېيىشتى. ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ، جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇردى.] سۈرە ئەنبىيا 10 ـ دىن 15 ـ ئايەتكىچە.

ئادەم تۇغما تەبىئىتى ۋە روھنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا بۇ ھەقىقەتنى پۈتۈنلەي تونۇيدۇ. ئادەمنى جىسمانىي قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە كائىناتتا مەۋجۇت بولۇۋاتقان بارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئادەمگە بۇ كائىناتنىڭ ھەقىقەت ئۇستىگە پۈت تىكلەپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەقىقەتنىڭ بولسا ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتا قانۇنىيەتتىن توغرا دەلىللەش، ئىسپاتلاشقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى كائىنات قالايمىقان ئەمەس. ئۇنىڭ ھەرىكەت رېلىسىمۇ قالايمىقان ئەمەس. ئۇ ئۆزئارا توقۇنۇشۇپمۇ قالمايدۇ. تاسادىپىي ماس كېلىپمۇ قالمايدۇ. ياكى قارىغۇلارچە بىرىكىپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس، توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھەۋەس ۋە تۇراقسىز نەپسىگە ئەگىشىپ تۇرىدىغان تېخىمۇ ئەمەس! ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنچىكە، مۇكەممەل، ئاللىبۇرۇن بېكىتىلگەن تۈزۈمگە رىئاي قىلىدۇ! شۇ سەۋەبتىن نەپسىنىڭ تەسىرى بىلەن روھنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئاتا قىلىنغان مەخپىي ھەقىقەتتىن ئايرىلغان چېغىدا ئۇ ۋە ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدا مايىللىق، ئېغىش يۈز بېرىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ نەپسىگە ئەگىشىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تاشلاپ ئۆزى تۈزۈۋالغان

تۇرمۇش قانۇنغا ئەگەشكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. بۇ ئۇنىڭ يۇۋاشلىق بىلەن ئاللاھقا بويسۇنماي شۇ جانسىز، جانلىق مەۋجۇتاتلارغا توشقان كائىناتقا بويسۇنغانلىقىدىندۇر.

بۇ خىل ئېغىش (مايىللىق) خۇددى ئادەم كائىنات ئارىسىدا تاسادىپىيلىق ئىچىدە يۈز بەرگىنىدەك شەخس، كوللېكتىپ، مىللەت، ئالدىنقى ئەۋلاد ۋە كېيىنكى ئەۋلاد ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل مايىللىق ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى، بايلىقىنى، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى قۇرىدىغان، جەمئىيەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان ۋاستە قىلماي بىردىنلا ئۇنى دۇنيانى ۋەيران قىلىدىغان، دەرت ئەلەم، بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ۋاستە قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

بۇ ھەقتە بىز زېمىندا ئاللاھنىڭ قانۇنىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئېنىق مەقسىتىنىڭ پەقەتلا بىر خىل ئاخىرەت ئۈچۈن قىلىنىدىغان خىزمەت ئەمەسلىكىنى بىلدۇق. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىككىسى زىچ بىرىككەن باسقۇچ، ئاللاھنىڭ قانۇنى بولسا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئىككى باسقۇچىدا ياخشى تەڭشىلىش، ماسلىششقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنى ۋە ئاللاھ بەلگىلىگەن كائىنات قانۇنىيتىنىڭ قەدىمىنى بىردەكلەشتۈرىدۇ. قانۇنىيەت بىلەن ماسلىششىش ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ بەختىنى پەقەتلا ئاخىرەتكە ئىتتىرىپ قويمايدۇ. بەلكى بىرىنچى باسقۇچ دەل ئۇنى رېئاللىققا، ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ بەختنى ئاخىرەتتە پارلاق پەللىگە يەتكۈزۈشتۇر.

مانا بۇ ياشاۋاتقان ئىنسانىيەتكە بولغان نۇقتىئىنەزەر، بۇ نۇقتىئىنەزەر باشقا دىندىن خالىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن ماھىيەتتە خاراكتېرلىك پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ باشقا ھەرخىل تۈزۈم، نەزەرىيىلەردە يوق بولغان نۇرغۇن ئىلاھى بۇيرۇق، مۇقەددەس مەجبۇرىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس مەجبۇرىيەتنى يۈرگۈزۈش، بۇ دۇنيا قاراشتا (ئىسلامچە) ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە كائىنات تۇرمۇشى ئارىسىدىكى ئەتراپلىق، مۇتلەق ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئوبېكتىپ ئېھتىياج، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسان تۇغما تەبىئىتىنى باشقۇرۇۋاتقان قانۇنىيەت ۋە كائىناتنى باشقۇرۇۋاتقان قانۇنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئوبېكتىپ ئېھتىياج. ئەڭ ئاخىرىدا كائىنات ئۇمۇمىي قانۇنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنى تەشكىللەيدىغان قانۇن ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل ماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇقەررەر ئېھتىياج، شۇنداق قىلىپ ئىسلام قانۇنىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ھەممە كىشىنىڭ ئاللاھقىلا بويسۇنۇشى ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى ئاللاھقا بويسۇنۇۋاتقان كائىناتنى ھېچكىم ئۆزىگە بويسۇنسۇن دەپ جاكارلىيالمىدى ۋە جاكارلىيالمايدۇ. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە زېمىندا ئۆزىنى ھۆكۈمران دەپ ئاتىۋالغان مۇستەبىت پادىشاھ نەمرۇت بىلەن بولغان مۇنازىرىدە نەمرۇت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا دەككىدىن زۇۋانى ئىتىلىپ ئۆزىنى كائىناتنىڭ پادىشاھى، ھۆكۈمرانى دەپ ئاتايدىغانغا ئاساسى قالمىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پەقەت كائىناتنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان يالغۇز بىر ئاللاھلا ئاندىن ئىنسان تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتتى.

[پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىششكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى ) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.] سۈرە بەقەرە 258- ئايەت.

بۇ پۈلاتتەك پاكىت ئالدىدا پادىشاھ لام ـ جىم دېيەلمىدى.

[ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا. ئۇلار (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ

(ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا (يەنى قۇرئانغا)، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، مۇساغا بېرىلگەنگە (يەنى تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەنگە (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە (يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»] سۈر ئال ئىمران 83 - 84 - ئايەتلەر.

## ئىسلام ـــ ئۆزى مەدەنىيەتتۇر

ئىسلام پەقەت ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جاھالەت جەمئىيىتىنىلا تونۇيدۇ.

ئىسلام جەمئىيىتى بولسا ئېتىقاد، قانۇن ـ تۈزۈم، ئىبادەت، ئەخلاق، كەيپىيات قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان جەمئىيەت، جاھالەت جەمئىيىتى بولسا، ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرمەيدىغان جەمئىيەت، يەنى ئىسلام ئېتىقاد، ئىسلامى دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى، ئۆلچەم، تۈزۈم، قانۇن، ئەخلاق ـ كەيپىيات بىلەن تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرمايدىغان، تۈزىمەيدىغان جەمئىيەتتۇر.

ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنى «مۇسۇلمان» ئاتىۋالغانلاردىن تۈزۈلگەن. بىراق ئىسلامنى ئاساس قانۇن قىلمىغان جەمئىيەت ئىسلام جەمئىيىتى ئەمەس. مەيلى ئۇلار ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ھەج قىلسۇن! ئىسلام جەمئىيىتى ئەنە شۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋېلىشقا «تەرەققىي قىلغان ئىسلام» دېگەندەك جەمئىيەت ئەمەس. ھەم بۇنداق ئىسلام، ئاللاھ ھەقىقى ئېتىراپ قىلغان، رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن، چۈشەندۈرگەن ھەقىقىي ئىسلام ئەمەس!

جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ گەۋدىلىنىش شەكلى ھەرخىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئوخشاشلا جاھىلىيەت، بەزىدە ئۇ (جاھالەت) ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش، دىئالىكتىك ماتېرىيالىزىم بويىچە تارىخ تەھلىل قىلىش، ئاتالمىش «ئىلمىي سوتسىيالىزىم» تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش شەكلىدىكى جەمئىيەتتە گەۋدىلىنىدۇ. بەزىدە ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدىغان، بىراق دۆلەت ھوقۇقىنى ئادەمگە بېرىدىغان، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالىدىغان جەمئىيەتتە گەۋدىلىنىدۇ. تۇرمۇش تۈزۈمىدە ئاللاھنىڭ قانۇنىنى يولغا قويمايدۇ. ھەم ئاللاھ بەلگىلىگەن قىممەت قارىشىنى تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈلۈك مىزانى قىلمايدۇ. ئۇ خىل جەمئىيەت كىشىلەرنى بۇتخانا، چېركاۋ، مەسجىتلەردە ئاللاھقا چوقۇنۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. بىراق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشتا ئىسلام قانۇنىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشىنى چەكلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تارتىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ بۇنىڭغا نىسبەتەن مۇنداق دەيدۇ:

[ئاللاھ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر] سۈرە زۇخرۇف 84 - ئايەت.

شۇڭلاشقا بۇ خىل جەمئىيەت تۆۋەندىكى ئايەت كۆرسەتكەن ھۆكۈمرانلىقنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

[سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا - بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھ غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ] سۈرە يۇسۇف 40 - ئايەت.

گەرچە ئۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ كىشىلەرنىڭ بۇتخانا، چېركاۋ، مەسجىتلەردە ئىبادەت قىلىشىغا يول قويسىمۇ، دەل مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ جاھالەت جەمئىيىتى بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتى مانا مۇشۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن بىردىنبىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت سانىلىدۇ. باشقا ھەرخىل رەڭگارەڭ جەمئىيەتلەر قالاق، مەدەنىيەتسىز ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

بىر قېتىم مەن نەشىر قىلىنىۋاتقان كىتابىمغا «مەدەنىيەت ئىسلام جەمئىيىتىگە ئالغا» دەپ ماۋزۇ قويدۇم. كېيىن مەن يەنە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ «مەدەنىيەتلىك» دېگەن سۆزنى ئېلىۋەتتىم. «ئىسلام جەمئىيىتىگە ئالغا» دېگەن ماۋزۇنىلا قويدۇم. بۇ ئىش بىر ئالجىرىيىلىك يازغۇچى (فرانسىيە ئەدەبىيات يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان) نىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. ئۇ مېنىڭ بىلەن بۇ قىلىقمنى «ئىسلامنىڭ يوشۇرۇن پىسخىكا رولىنى قوغداش» نى مەنبە قىلغان دەپ تەھلىل قىپتۇ. ئۇ يازغۇچى ئۇنىڭغا ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بۇ خىل پىسخىك رول مېنىڭ رېئال مەسىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىشىمغا توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن، مەن ئۇ يازغۇچىغا

ناماقۇللىقىمنى بىلدۈردۈم. مەنمۇ ئىلگىرى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشايتتىم. مەن مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك كىتاب يازاي دەپ تۇرغان چاغلىرىمدا، مەنمۇ دەل ئۇنىڭ هازىرقى ئىدىيىسىدەك مەسىلىدە، پىكىر قىلاتتىم. مەن ئۇ ۋاقىتتا «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ تەبىرىدە قىينىلىۋاتاتتىم، مەن ئۇ ۋاقىتتا قەلبىمدە ۋە تەپەككۇر شەكلىمدە مەدەنىيەت چىرىندىلىرىنىڭ بېسىمىدىن تولۇق ئايرىلىپ بولالمىغان ئىدىم، بۇ چىدىندىلەر سىرتتىن كەلگەن بولۇپ، مېنىڭ ئىسلام ئېڭىمغا يات ئىدى. گەرچە مۇشۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئىسلامغا مايىللىقىم ھەقىقەتەن روشەن بولغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ چىرىندىلەر كۆزۈمنى خىرەلەشتۈرۈپ، مېنىڭ دۇنيا قارىشىمدا بىر تۇمان پەيدا قىلىپ قويغان ئىدى، غەرب ئىدىيىسىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەبىرى مېنى قايمۇقتۇرۇپ، مېنىڭ قىممەت قارىشىمنى توسۇۋېلىپ، مېنىڭ توغرا، ئېنىق هالدا ئۇنى تونۇۋېلىشىمغا پۈتلىكاشاڭ بولغان ئىدى.

كېيىن مەسىلە ئايدىڭلاشتى، ئىسلام جەمئىيىتى ھەقىقى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئىكەن. «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇش يىلانغا پۇت سىزغاندەك قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدىكەن، ئۇ ھەرقانداق بىر يېڭى مەنا قوشالمايدىكەن، ئەكسىچە كىتابخانلارنىڭ ئېڭىغا خۇددى مېنىڭ دۇنيا قارىشىمنى تۇمانلاشتۇرۇپ، شەيئىلەرنى روشەن، توغرا تونۇشۇمغا توسالغۇ بولغان غەرب ئىدىيىسىنى ئېلىپ كېلىپ قويىدىكەن، بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئىختىلاپ دەل «مەدەنىيەت» ئۇقۇمغا بولغان تەبىردە، بۇ ھەقىقەت چوقۇم ئايدىڭلىشىشى كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھقىلا خاس بولۇپ، ھەممە بىردەك ئاللاھقا بويسۇنغىنىدا ئاندىن ئىنسانىيەت قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ئازاتلىققا ئېرىشىپ ئەركىن بولغان بىردىنبىر جەمئىيەت ئەندىزىسىنى (شەكلىنى) قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن «ئادەمنىڭ مەدەنىيىتى» گە ئايلىنالايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زۆرۈر بولغان بىر ئاساسىي پىرىنسىپ دەل ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقى تولۇق ئەركىنلىكى ۋە ھەر بىر جەمئىيەت ئادەملەر يەنى بىر بۆلەك ئادەملەر بەلگىلىگەن قانۇننىڭ قۇللىرىغا ئايلانغىنىدا ھېلىقى بىر بۆلەك كىشىلەر ھۆكۈمران بولغان بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسىنىڭ قانداقمۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتى بولسۇن؟!

بىز چوقۇم يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا قانۇننىڭ پەقەت هازىرقى كىشىلەر چۈشەنگەن تار ئۇقۇم كاتوگورىيىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىدىيە قاراش، تۇرمۇش يولى، قىممەت ئۆلچىمى، ئەنئەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇن تۈزەش ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. شۇڭلاشقا بىر قىسىم كىشىلەرگە بۇ خىل چەكلىمىنى تاڭغىنىدا باشقا ھېلىقى بىر قىسىم كىشىلەر يۇۋاشلىق بىلەن بۇنىڭغا باش ئەككەن چېغىدا بۇ خىل جەمئىيەت ئازادلىققا ئېرىشكەن، ئەركىن جەمئىيەت بولمايدۇ. بەلكى بىز ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىر قىسىم ھۆكۈمران، بىر قىسمى قۇل بولىدىغان جەمئىيەت بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل جەمئىيەت

قالاق ـ مەدەنىيەتسىز ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسى بويىچە بولغاندا جاھىلىيەت جەمئىيىتى بولىدۇ.

پەقەت ئىسلام جەمئىيىتىلا بىردىنبىر ھۆكۈمران، ئاللاھ باشقۇرىدىغان جەمئىيەت، بۇ خىل جەمئىيەت (ئىسلام) دا ئادەملەر ئادەمگە بويسۇنۇشتىن تولۇق ھالدا ئاللاھقا بويسۇنۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تايىنىدىغان يادرونى (ھەقىقىي تولۇق ئەركىنلىكنى) قولغا كەلتۈرىدۇ ھەم ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنىدەك مۆمىنلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مەقستى ئادەمنىڭ زېمىنىدىكى ئاللاھنىڭ ئىز باسارى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانىيەتنىڭ يېقىندا ئەڭ ئالىي ئىلاھى دۆلەتتە شەرەپ ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى جاكالاشتۇر.

جەمئىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈپكى ئاغامچا ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، ئىدىيە، تۇرمۇش يولى بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامدىن كەلگەن ھەم ئۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى گەۋدىلەنگەن ۋاقىتتا بۇ خىل جەمئىيەت ئادەمنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي خۇسۇسىيىتى روھ ۋە ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تىپىك، ئۆلگىلىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ. ئىراق بىر جەمئىيەتنىڭ تۇتاشتۇرغۇزۇش ئاغامچىسى، ئېرقى، مىللەت، تىل، زېمىن، ئىقتىساد ياكى باشقا ئامىللار بولسا، روشەنكى بۇ ئامىللار ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي خۇسۇسىيتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئامىللارنى تاشلىۋەتسىمۇ ئۇ ئادەم بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

ئىراق، روھ ۋە ئىدىيىنى تاشلىۋەتسە ئۇ ھەرگىزمۇ ئادەم بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئىراق ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولى ئىدىيىسى، دۇنيا قاراشنى، ئېتىقادنى ئۆزگەرتسە مۇتلەق ئەركىنلىك ئىرادىگە ئىگە، ئىراق ئۇ ئۆزىنىڭ مىللەت، ئېرقى، زېمىننى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىتى ۋە تۇغۇلغان زېمىننى چەكلەپ قويۇش ھوقۇقى يوق. شۇڭلاشقا بىر جەمئىيەتتە جەمئىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان ئارغامچا ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن تاللىشى بىلەن بىرلەشكىنىدە ئاندىن ئۇ جەمئىيەت مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بولالايدۇ. ئىراق بىر جەمئىيەت ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادىسىدىن باشقا ئامىللار بىلەن جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرماقچى، بىرلەشتۈرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ قالاق، مەدەنىيەتسىز ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، جاھالەت جەمئىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

پەقەت ئىسلام جەمئىيىتىلا جەمئىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈپ ئارغامچا ئېتىقادتا گەۋدىلىنىدۇ. ئېتىقاد ئىمان دۇنيادىكى بارلىق ئېرقتىكى كىشىلەرنى بىر گەۋدە دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئۈممىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ ھۆكۈمرانى ئاللاھدۇركى ھەممە كىشى باپ ـ باراۋەر، پەقەت ئاللاھقىلا بويسۇنىدۇ. بۇ ئۈممەتتە ھەممە ئادەم باشقا ئادەملەرنىڭ ئەمەس ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ ئالدىدا باپ ـ باراۋەر.

ئىنسانپەرۋەرلىك جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي قىممەت ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ ئادىمىلىك ھۆكۈمران ئورۇنغا قويۇلغىنىدا بۇ جەمئىيەت ئاندىن مەدەنىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىراق «ماددا» مەيلى

قانداق شەكىلدە بولمىسۇن ئەڭ ئالىي قىممەت ئۆلچىمى بولغىنىدا مەيلى ماركىسزىملىق تارىخىي ماتېرىيالىزىم ياكى «ماددىي ئىشلەپچىقىرىش» شەكلىدە بولسۇن خۇددى ياۋروپا، ئامېرىكا، ياكى باشقا ماددا ئىشلەپ چىقىرىشنى ئەڭ يېگى قىممەت ئۆلچىمى قىلىۋالغان جەمئىيەتلەردەك ماددى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئادىمىلىك ۋە ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بۇنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ كەتكەندە، ئىنسانىيلىق پەسكەشلىك، چىرىكلىكتە چېكىگە يېتىدۇ. بۇ خىل جەمئىيەت مەدەنى بولمىغان جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ياكى ئىسلام ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىغاندا جاھالەت جەمئىيىتى بولىدۇ! مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئىسلام جەمئىيىتى بولىدۇ، ماددىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان كائىناتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. بىز ۋە ماددا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزئارا بىرىككەن بولىدۇ. ماددىي ئىشلەپ چىقىرىشمۇ ماددىنى كەمسىتمەيدۇ. ئۇنى ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە يۈكلىگەن بۇرچىنى (ئاللاھقا ۋەكالىتەن دۇنيانى تۈزەش) ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل دەپ قارايدۇ. بىراق بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ دەل ئۇنى ئەڭ ئالىي قىممەت ئۆلچىمى، ماددى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئادىمىلىكنى قۇربان قىلىدىغان ئامىل، ئادىمىلىكتىن پەسكەشلىككە كىرىپ كېتىدىغان ھالغا قىلىۋالماسلىقتۇر. مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەركىنلىك، غۇرۇر، ئىززىتى قۇربان بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ئاساسىي ۋە قۇرۇلمىسى، ئەخلاق ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيەت شۇنىڭدەك باشقا بارلىق جاھىلىيەت جەمئىيەتتىكى ماددى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن ئەڭ ئالىي قىممەت ئۆلچىمىنى گۈزەل ئەخلاق مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەر قۇربان بولىدۇ. چىرىكلىشىدۇ!

ئادەمنىڭ قىممىتى، ئادەمنىڭ ئەخلاقى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى تۆۋرىكى بولغاندا ئاندىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بولالايدۇ. ئادەمنىڭ قىممىتى، ئەخلاقى تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار ۋە ئىلمى سوتسىيالىزمچىلار تەرغىب قىلغاندەك ھەرگىزمۇ مۇجمەل ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشچان جىسىم ياكى بىر ئىزىدا تۇرمايدىغان جىسىم ئەمەس. بەلكى ئۇ تۇراقلىق، مۇقىم، بەلگىلىك مەنبەئى بار. ئادىمى قىممەت ۋە ئادىمىيلىك ئەخلاق بولسا ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئادەمنى ھايۋاندىن ئۈستۈن قىلىپ ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلغىنى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىدىكى ئادىمىيلىك قىممىتى ۋە ئەخلاقتۇر.

ھايۋانلار بىلەن ئورتاق بولغان، ئادەمنى ھايۋانلارشتۇرۇپ قويىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەدەب ئەخلاقى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەقىقىي ئادىمىيلىك ئۆلچىمى بىلەن سېلىشتۇرساق ئارىلىقتىكى چېگرا سىزىقىنى بايقايمىز. بۇ يەردە تەدرىجى تەرەققىياتچىلار ۋە ئىلمى سوتسىيالىزمچىلار ئۇزاق ۋاقىت سىناپ كەلگەن ھەق ـ ناھەقنى بۇرمىلاش نەيرەڭلىرىگە قەتئىي ئورۇن يوق! بەلگىلىك مۇھىت، شارائىتنىڭ قائىدىسى ۋە قانۇن ـ نىزاملىرى ئەخلاق، قىممەت قارىشنى چەكلىيەلمەيدۇ. ئەكسىچە بۇ مۇھىت، پەرقىنىڭ ئارقىسىدا بىر مۇقىم ئۆلچەم بار.

ئەمەلىيەتتە ئەخلاق ـ مۇھتتىن، تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات دەرىجىسىدىن مۇستەقىل، ئۇنىڭ بۇ يۆزەكى (تاشقى) شەكىل ئۆزگىرىشى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ بارلىق ئامىللارنىڭ كەينىدە، پەقەت «ئادىمىيلەشتۈرىدىغان» ئەخلاق، قىممەت ۋە «ھايۋانلاشتۇرىدىغان» ئەخلاق ۋە قىممەت بار. مۇشۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن بولىدىغان بولسا ئىسلام ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىساق دەل ئىسلامچە ئەخلاق، قىممەت، جاھالەتچە ئەخلاق ۋە قىممەت بولىدۇ.

ئىسلام ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئادىمىيلىك تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بۇ ئادىمىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ قىممەت، ئۆلچىمىنى ۋە ئەخلاقنى تىكلەيدۇ. ھەم ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنى كۈچەپ مۇستەھكەملەيدۇ، قوغدايدۇ. مەيلى مۇنداق جەمئىيەتلەر يېزا ـ ئىگىلىك ۋە سانائەت باسقۇچىدىكى جەمئىيەت بولسۇن، مەيلى كۆچمەن چارۋىچى جەمئىيەت ياكى مۇقىم نوپۇس بويىچە ئولتۇراقلاشقان شەھەر جەمئىيىتى بولسۇن مەيلى پاراۋان ياكى نامرات جەمئىيەت بولسۇن، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل ھالدا ئادىمىيلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. يۈكسەلدۈرىدۇ ۋە ئەڭ ئالىي پەللىگە كۆتۈرىدۇ. ئىسلام ئۇنىڭ (ئادىمىيلىك ئەخلاقىنىڭ) توغرا تەرەققىي قىلماي ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئەخلاق، قىممەت، ئىلگىرىلەيدىغان يول بولسا ھايۋانى تۆۋەن دەرىجىدىن باشلاپ ئادىمىي ئالىي دەرىجىگە سوزۇلغان. بىراق، بۇ يولدا خاتا مېڭىپ سالىدىغان، ماشىنىنى خاتا ھەيدەپ سالىدىغان بولساق، گەرچە ماددى مەدەنىيەت قانچە تەرەققىي قىلسۇن، ئۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتى بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مەدەنىيەت ھېسابلانمايدۇ. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇلى بولۇپ ئەر ـ ئايال ئىش تەقسىماتى ھەمكارلاشقان ئاساسقا قۇرۇلۇپ، بۇ بىر ئەۋلاد ئەڭ ئاساسلىق ئىلمىنتى پەرزەنتنى پەرۋىش قىلغاندا بۇ جەمئىيەت ئاندىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. پەقەت مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا (ئىسلام يولىنىڭ سايىسى ئاستىدا) ئائىلە، يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ ئەخلاق قىممىتى قۇرىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بازا بولالايدۇ. چۈنكى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىنتىن باشقىدا بۇ ھەقىقەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن، بىز بۇ نۇقتىنى ئالىبۇرۇن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىراق، ئېچىۋېتىلگەن ئىككى جىنىسلىقلار مۇناسىۋىتى، قانۇنسىز تۇغۇلغان باللار، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولسا، ئىككى جىنىسلىقلار (مۇناسىۋىتى ئائىلىۋى مەجبۇرىيەت ياكى ھەمكارلىشىش ئاساسىغا ئەمەس بەلكى جىنسى مۇھەببەت، جىنسىي ھەۋەس، ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلسا، ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى پەرداز، گىرىم قىلىش، باشقىلارنى جەلىپ قىلىش ۋە قايمۇقتۇرۇش بولسا، يېڭى ئەۋلاد تەربىيلەشتىن ئىبارەت مۇھىم ئاساسى ۋەزىپىسىنى، مەجبۇرىيىتىنى، تاشلىۋەتسە، ئۆزى خالاپ ياكى جەمئىيەت مەجبۇرلاپ كەسىپ تاللاپ رېستۇران، تانسخانا، مېھمانخانىلارنىڭ كۈتكۈچىسى بولسا ئۇ (ئايال) ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىنى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەربىيلەشكە ۋاقتى چىقمىسا، ئۇنداقتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيتى قانداق بولماقچى؟ جەمئىيەتتە قانداق ئەھۋال كېلىپ

چىقىدۇ، چۈنكى ماددى ئىشلەپچىقىرىش ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىنمۇ مۇھىم، تېخىمۇ قىممىتى بار، تېخىمۇ قەدىر ـ قىممىتى بار دەپ قارىلىدۇ. بۇ يەردە بىز ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، بۇ خىل جەمئىيەت قالاقلاشقان «مەدەنىيەتلىك» جەمئىيەت دەپ سانىلىدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسى بويىچە جاھىلىيەت دەپ ئاتىلىدۇ!

ئائىلە ۋە ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بىر جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يەنە مەدەنىيەتلىك قالاقلىقىنى (ئىسلاملىق ـ جاھىلىيەتلىك) ئىپادىلەيدىغان زور مەسىلە، بۇ مۇناسىۋەتتە ھايۋانلاشقان جىنسى ھەۋەس، ئەخلاق، قىممەت، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈكلىرىغا تارالسا مەيلى ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي، سانائەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولسىمۇ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بولالمايدۇ! ھازىرقى زامان جاھالەت جەمئىيەتلىرىدە «ئەخلاق» دېگەن ئۇقۇم بىر تار دائىرىدىلا چەكلىنىپ قالدى، ھەتتا ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بۇ دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلدى. شۇڭلاشقا بۇ جەمئىيەتلىرىدە قانۇنسىز ئىككى جىنسلىقلار مۇناسىۋىتى، ھەتتا بىر جىنسلار مۇناسىۋىتىمۇ ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى دەپ قارالمايدىغان بولدى. ئەخلاق ئۇقۇمى دېگەن ئىقتىسادىي ئالاقە، سىياسىي ئىشلاردان ھەتتا پەقەتلا «دۆلەت مەنپەئەتى» دېگەندەك دائىرە ئىچىدىلا چەكلەندى.

يەر شارىدىكى بارلىق جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدىكى يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچى، رەسساملار ئىجاد قىلغان، شەھۋانىيلىقنى تەرغىب قىلىدىغان، رومان، ھېكايە، ماقالە، سۈرەت، دراما، ناخشا، يۇمۇر، كۈلدۈرگە قاتارلىق ئەسەرلەر كىشىلەرگە رەزىل پەسكەش ئىلھاملارنى بېرىۋاتىدۇ. بۇ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ توغرا يولدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىۋاتىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئالغا ئىلگىرىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى ھېكمىتىگە مۇۋاپىقلاشقاندىلا ۋايىغا يېتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھايۋانى نەپسىنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ئىچىدە كونترول قىلالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم بولىدۇ. بۇ ئىش ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئائىلە قۇرۇپ ياشىشى، ۋە بۇ ئائىلىنىڭ مەقسىتى، يېڭى بىر ئەۋلاد ئىز باسارلارنى تەربىيلەش، يەنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە زېمىننى ئاۋات قىلىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىش ھەرىكىتىنى ئىسلامى يول بويىچە ئېلىپ بارالايدىغان، باتۇر، قەيسرانە روھقا ئىگە ئەۋلادلارنى تەربىيلەشتىن ئىبارەت.

مۇشۇنداق مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان (يەنى تۇراقسىز قارىغۇلارچە ھېسسىيات ئۈستىگە ئەمەس) بەلكى تۇراقلىق پاك مۇھەببەتكە ئىگە بولغان، ھەر ئىككى تەرەپ ئورتاق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئائىلىدىلا ئاندىن ئىلغار كۆز قاراشقا ئىگە بىر ئەۋلاد ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئاساسنى قۇرغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق كىشىلەرلا ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك كىشىلەر بولىدۇ. مۇنداق مەدەنىيەتلىك كىشىلەر پەقەت ئىسلام جەمئىيىتىدىلا مەيدانغا كېلەلەيدۇ.

مانا بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىسلامى جەمئىيەتنىڭلا مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. پەقەت مۇنداق مەدەنىيەتلىك كىشىلەرلا ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنۇشنى قەتئىي تاشلايدۇ. ئاللاھقىلا بويسۇنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن تۇرمۇش يولىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. باشقا ھەرقانداق يولنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىتراب قىلمايدۇ. تۇرمۇشتىكى ئىشلىرىدا ئاللاھتىن باشقا ھۆكۈمراننىڭ قانۇنىنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ قانۇنىنىلا يۈرگۈزىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەن ئەخلاق، قىممەت قارىشى بىلەن ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. باشقا ھەرقانداق ئادەمنى ئالدايدىغان ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشىنى ئاغدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ بۇ ماددى دۇنياغا ئورۇنلاشتۇرغان بارلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدەيدۇ. تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئىللىق مەنبەئى، ئېنىرگىيە مەنبەئى ۋە كانلارنى ئاچىدۇ. بىز مۇشۇ كۆرسەتمە يول بىلەن زېمىندا ئاللاھنىڭ ۋەكالەتچىلىرى بولۇپ زېمىننى تۈزگىنىمىزدە بىز ئاللاھنىڭ كائىنات قانۇنىيەتلىرىنىڭ سىرلىرىنى قاتمۇ ـ قات يۆگەپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلارغا ئورۇنباسارلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە زۆرۈر بولغان بۇ قاتمۇ ـ قات سىرلارنى ئاچالايدىغان ئىقتىدارنى بەرگەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالايمىز، يەنى ئادەم ئاللاھنىڭ رۇخستى ۋە شارائىتىغا ئەگىشىپ زېمىندا تولۇق، مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا توپلىغان ھۈنەر ـ سەنئەت تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىدۇ. ئۇ يۇۋاشلىق ۋە ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئاللاھنى رازى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا يۈكلىگەن ئورۇنباسارلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى ياراتقىنىدا ئۇ ئاندىن ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يېتىدۇ. بىراق يۈزەكى ماددىي تەرەققىياتنى ئىسلام قارا قويۇق مەدەنىيەت دەپ ئاتاۋەرمەيدۇ. ئۇ ئېھتىمال جاھىلىيەت بىلەن بىرىكىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئاللاھ قۇرئاندا جاھىلىيەتنى بايان قىلغاندا بۇ خىل ماددىي تەرەققىياتنى تىلغا ئالغان: [سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن ـ كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (يەنى ئېگىز بىنا) سالامسىلەر؟ (گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر؟ ئەگەر (بىراۋنى) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇ سىلەرگە چارۋىلارنى، ئوغۇللارنى، باغلارنى، بۇلاقلارنى ئاتا قىلدىمەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن»] سۈرە شۇئەرا 128- تىن 135- ئايەتكىچە.

[سىلەر بۇ يەرلەردە، باغچىلاردىن، بۇلاقلاردىن، زىرائەتلەردىن، يۇمشاق پىشقان خورمىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ خاتىرجەم ھالدا داۋاملىق قالىمىز (دەپ ئويلامسىلەر) خۇشال ھالدا تاغلارنى تېشىپ ئۆي ياسامسىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان،

ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار»] سۈرە شۇئەرا 146- تىن 152- ئايەتكىچە.
[ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!. ] سۈرە ئەنئام 44-45- ئايەتلەر.
[ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ.] سۈرە ئەنئام 24- ئايەت.
بىراق ئىسلام يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ماددىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى پەقەت ئاللاھنىڭ يولىنىڭ سايىسى ئاستىدا بۇ خىل ئىلگىرىلەشنىڭ پارلاق سەمەرىلىرىنى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بەختى، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بويسۇنغانلىقتىن ئېرىشكەن مۇكاپاتىنىڭ خۇشخەۋەرلىرى دەپ قارايدۇ.
[(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ.] سۈرە نۇھ 10تىن - 12- ئايەتكىچە.
[پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق.] سۈرە ئەئراف 96- ئايەت.
ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان پىرىنسىپلىرى ۋە جانلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، ئىسلامنى بىر خىل ئالاھىدە مۇستەقىل جەمئىيەت قىلىدۇ. ھەرقانداق جاھالەت جەمئىيىتى ۋە جانلىق قۇرۇلما قۇرۇش ئۈچۈن باھانە ئىزدەيدىغان نەزەرىيەلەر بىلەن ھەرگىز ماسلاشمايدۇ، ئىسلام جەمئىيىتى بولسا ھەرىكەتنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇزاققا سوزۇلغان، ھەرىكەت بىلەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ باھاسى ۋە خىزمەت تارىخىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.
بۇ خىل جەمئىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ھەرىكەت ماددىي دۇنيانىڭ سىرتىدىن، ئىنسانىيەت مۇھىتىنىڭ سىرتىدىن كەلگەن بىر ھەرىكەتتۇر. ئۇ ئاللاھنى مەنبە قىلغان ھەم ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن ئىسلام ئېتىقادىدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد ئۇلارغا بىر خىل كائىنات، ھاياتلىق، تارىخ، كىشىلىك تۇرمۇش مىزانى، كىشىلىك تۇرمۇش مەقسىتىگە بولغان دۇنيا قاراش

بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتنى قوزغايدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە ماددىي دۇنيادىن ئەمەس. بەلكى ئىنسانىيەت مۇھىتى ۋە يەر شارىدىن تاشقىرى ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان، بۇ ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ بىرىنچى روشەن خۇسۇسىيىتى.

ئۇ ئىنسانىيەت مۇھىتىدىن ۋە ماددىي دۇنيانىڭ سىرتىدىكى ئامىلىدىن تەرەققى قىلغان ھەم سوزۇلغان، بۇ بىر ئاللىقاچان ئاللاھ بەلگىلەپ بولغان يوشۇرۇن، ئامىل، ھېچقانداق كىشى ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ھەم پىكىر يۈرگۈزەلمەيدۇ. بىرىنچى قەدىمى ئاللىقاچان باشلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ مۇقەددەس ئىلاھى ئېتىقادقا ئىشەنگەن ئادەمنىڭ خىزمىتىمۇ باشلانغان بولىدۇ. بىر ئادەم بىر خىل ئېتىقادنى قوبۇل قىلغاندا بىر يوشۇرۇن ئىسلام جەمئىيىتى باشلانغان بولىدۇ. بۇ ئادەم بۇ خىل ئېتىقادنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ساقلاپ يوشۇرۇن قويمايدۇ، بەلكى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگەر بۇ ئېتىقاد تەشۋىق قىلىدۇ. تارقىتىدۇ. چۈنكى بۇ ھەرىكەت بىر مەيدان جانلىق ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتى، ئېتىقاد نۇرى، بۇ قەلبىنىڭ پۈتمەس - تۈگمەس كۈچىنى يۇرتىدۇ. (ئاللاھ ئىسلام ئېتىقادىنىڭ كەسكىن ھالدا بارلىق توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ بىر خىل ئېتىقاد قەلبىگە يېتىش ئارقىلىق پەيدا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ چوقۇم ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىدۇ) بۇ ئېتىقادنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئۈچكە يەتكەندە بۇ خىل ئېتىقاد ئۇلارغا مۇنداق ئىلھام، يول بېرىدۇ. «سىلەر ئاللىقاچان بىر جەمئىيەت بولۇپ شەكىللەندىڭلار، بۇ جەمئىيەت بىر مۇستەقىل ئىسلام جەمئىيىتى، سىلەر ئاللىقاچان بۇ خىل ئېتىقادقا ئىشەنمەيدىغان جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن ئايرىلدىڭلار، ئۇنداق بۇرۇن بار بولغان قىممەت ئۆلچىمى سىلەرنى يەنە كونترول قىلىپ باشقۇرالمايدۇ» شۇنداق قىلىپ ئەمەلىيەتتە بىر ئىسلام جەمئىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئۈچ - ئونغا، ئون - يۈزگە، يۈز - مىڭغا، مىڭ - ئونمىڭغا، ئونمىڭ يۈزمىڭغا تەرەققىي قىلىپ بىر ئىسلام جەمئىيىتى يېتىلىدۇ. مۇستەھكەملىنىدۇ.

ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، بىر مەيدان يېڭى كۈرەش بارلىققا كەلدى. بۇ ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن جاھىلىيەت جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا قانات يايىدۇ. چۈنكى بۇ يېڭى جەمئىيەت جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنى سۈمۈرۈۋالغان، يەنە كېلىپ بىر خىل ئۆزگە خاس بولغان ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، قىممەت قارشى، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە تەشكىلىي تۈزۈلمىسى، سىستېمىسى بىلەن جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن ئۆزۈل - كېسىل ئايرىلىدۇ. ھەرىكەت باشلىنىشىنىڭ 1-قەدىمىدىلا مۇستەقىل، ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇلۇپ بولغۇچە ئىسلامنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بىلەن بۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى سىنايدۇ. ھەرىكەت بولسا ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ماھىيىتى، ھەم بۇ ئېتىقادقا ئىگە جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى. ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ مەسئۇلىيەت مەجبۇرىيىتىدىن باش تارتىشقا يول قويمايدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى چوقۇم ھەرىكەتلىنىشى كېرەك. بۇ ھەرىكەت ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا، تومۇرلىرىدا، ئۇرغۇۋاتقان قانلىرىدا، دولقۇنلاۋاتقان قەلبىدە،

جەمئىيىتىدە، ھەم بۇ جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا بولۇشى كېرەك. چۈنكى جاھالەت ئۇلارنى قورشىۋالغان، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك چىرىندىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت، شۇڭلاشقا كۈرەش ئۇزۇن سوزىلىدۇ. جىھاد بىرەر كۈن، بىرەر سائەتمۇ توختىماي داۋاملىشىدۇ. ئەگەر توختىدى دېيىلسە ئۇ تەييارلىق ئۈچۈن، ماھىيەتتە بۇ تەييارلىقنىڭ ئۆزىمۇ توختىمىغانلىق، ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەمەلىيەت ئۈستىدە ھەر بىر شەخسنىڭ ئاۋالى ئېنىقلىنىپ، خىزمەت ئورنى بىكىتىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ جەمئىيەتنىڭ جانلىق قۇرۇلمىسى ماس، مۇۋاپىق ھالدا جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئوتتۇرىسىدا تەكشۈگلۈق ساقلىنىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ. بۇ خىل ئۆسۈپ ـ يېتىلىش، بۇ خىل قۇرۇلما ئىسلامى جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل خۇسۇسىيىتى، بۇ ئىككى ئىسلام جەمئىيىتىگە مەۋجۇتلۇق ۋە قۇرۇلما، ماھىيەت ۋە شەكىل، تۈزۈم ۋە مەمۇرىي تەرتىپ بەخىش ئېتىدۇ. ھەم ئۇنى ھەر تەرەپتىن بىر مۇستەقىل ئەمەلىي گەۋدە قىلىدۇ. سىرتتىن كەلگەن جەمئىيەت ئۇقۇمى ئۇنى ناھايىتى تەستە چۈشىنىدۇ. ئىسلامغا يات بولغان سىرتتىن كەلگەن يول ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى تەتقىق قىلىپ بېرەلمەيدۇ. تاشقى تۈزۈمنى مەنبە قىلغان مەمۇرىي تەرتىپمۇ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

بىزنىڭ مەدەنىيەتكە بەرگەن ئالاھىدە تەبىرىمىز ئىپادىلىگىنىدەك، ئىسلام جەمئىيىتى پەقەتلا بىر تارىخىي ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان جەمئىيەت ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ ھازىرقى زاماننىڭ ئېھتىياجى، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى، ئۇ بىر تولۇق ئىنسانىي ئىززەت، ھۆرمىتىنى قايتىدىن قايتۇرۇپ ئەكىلىدىغان ئۇلۇغۋار نىشان، مەيلى بۈگۈن ياكى كەلگۈسىدە ئۇ ئىنسانىيەتنى قەدەممۇ ـ قەدەم كېرىپ كېتىۋاتقان جاھىلىيەت گىرداۋىدىن قۇتقۇزۇپ مەدەنىيەتلىك پەللىگە يېتەكلەيدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتا مەيلى ئىقتىساد سانائەت تەرەققىي قىلغان جاھىلىيەت مىللەتلىرى ياكى ئىقتىسادى ـ سانائەت قالاق جاھىلىيەت مىللەتلىرىگىمۇ ئوخشاش.

بىز يۇقىرىدا ئومۇملاشتۇرغان قىممەت ئۆلچەملىرىلا ئاندىن ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي قىممەت ئۆلچىمى بولالايدۇ. ئىنسانىيەت پەقەت ئىسلام مەدەنىيىتى مەزگىلىدىلا ئۇنىڭغا يېتەلەيدۇ. (بىز ئىسلام مەدەنىيىتى دېگەن ئۇقۇم ـ ۋەكىللىك قىلغان مەنىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ ھېلىقى قىممەت ئۆلچەملىرىگە كىشىلەر ئومۇمىي يۈزلۈك رىئايە قىلغاندا ئاندىن بارلىققا كېلىدىغان قىياپەت، ئەھۋال، ھەرگىزمۇ بۇ قىممەت ئۆلچەملىرىنى تاشلىۋەتكەن نوقۇل پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد، سانائەت تەرەققىياتى ئەمەس)

ئۇ، قىممەت ئۆلچەملەر ھەرگىزمۇ ئىدىئالىزمچە خام خىيال ئەمەس، بەلكى رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەتچانلىقىقا ئىگە ساپ ئىسلامى ئۇقۇم ئاستىدا ئىنسانىيەت تىرىشىش ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى ـ تۆۋەن بولسۇن، پەن ـ ئىقتىساد، سانائەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى قانداقلا بولسۇن ھەرقانداق مۇھىت، شارائىت ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئىسلامنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ئۇنىڭغا ھەرگىز قارشى تۇرمايدۇ. ئەكسىچە پۈتكۈل تۇرمۇش ساھەسىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئورۇنباسارلىق ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەنىڭ ئىلگىرىلەش

تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىدۇ. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېلىقى تەرەققىي قىلمىغان، ئىلگىرىلىمىگەن جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن ئىسلام ھەرگىزمۇ كۆتەك تۆۋىدە توشقان كۈتۈپ، قول قوشتۇرۇپ ئۆلۈمنى ساقلاپ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق يەردە، ھەرقانداق مۇھىتتا ئۆزىنىڭ بۇ قىممەت قارىشىغا ئاساسلىنىپ مەدەنىيەت يارىتالايدۇ. ئۇ قوللانغان كونكرېت تەدبىرلەر، شەكىللەرگە كەلسەك ئۇنىڭ مۇقىم، تۇراقلىق قېلىپ ئەندىزىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق مۇھىتتا بار بولغان شەرت ـ شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئىسلام مەدەنىيەتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئۇنداقتا شەكىل ـ چوڭ ـ كىچىك، ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەۋىيىسى دېگەن تەرەپلەردىن قارىساق ئىسلام جەمئىيىتى بىر خىل مۇقىم، تۇراقلىق تارىخىي ئەندىزىسى ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە مەدەنىيىتى مۇقىم تارىخىي قىممەت ئۆلچىمى ئۈستىگە قۇرۇلغان، بىز تارىخ دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا بىزنىڭ كۆرسەتكىنىمىز پەقەت بۇ قىممەت ئۆلچىمىنىڭ ئىلگىرىكى مەلۇم مەزگىللەردە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغانلىقىدۇر. بىراق ئۇ تارىخنىڭ مەھسۇللىرى ئەمەس. ئۇ ماھىيەتتە ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇ ئىنسانلارنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ياكى ماددىي دۇنياسىدىن ئەمەس بەلكى ئاللاھتىن ئىنسانىيەتكە كەلگەن ھەقىقەت.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ ماددىي قۇرۇلمىسى ۋە تەشكىلى جەھەتتە ئوخشىمىغان شەكىل، قېلىپقا ئىگە، بىراق ئۇ يىلتىز تارتقان پىرىنسىپ ۋە قىممەت ئۆلچىمى بولسا ئۆزگەرمەستۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن. (پەقەت بارلىق بويسۇنۇش ئاللاھقىلا بولۇش، ئېتىقاد بىلەن جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئىنسانىيەت ـ ئىنسانپەرۋەرلىك قىممەت ئۆلچىمى بىلەن تۇرمۇشنى يېتەكلەش، ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكى دەخلىسىز، ئاللاھنىڭ رۇخستى، شەرتىگە ئاساسەن ئادەمنىڭ زېمىندىكى ئورۇنباسارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنى ۋە تۇرمۇش يولى بىلەن زېمىندا ئورۇنباسارلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقاندا يولۇقىدىغان بارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش) بۇ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلامى مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان ئەندىزە شەكىللىرى، ئىلىم ـ پەن، ئىقتىساد، سانائەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى ھەر بىر مۇھىتتا ئاشۇ يەرنىڭ شەرت ـ شارائىتىدىن پايدىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل مۇقەررەر ئوخشىماسلىق ئۇنىڭ جانلىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، بارلىق ۋە ھەرقانداق سەۋىيىدىكى جەمئىيەتلەرنى ئىسلام مەدەنىيەتلىك ئائىلىگە كىرگۈزىدۇ. ئىسلام پىرىنسىپى ۋە قىممەت ئۆلچىمى بىلەن تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىراق بۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تاشقى شەكلىدىكى جانلىقلىق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەئى بولغان ھەم ماھىيىتى بولۇۋاتقان ئىسلام ئېتىقادىغا خالىغانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە بولىۋېرىدۇ. دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. جانلىقلىق ھەرگىزمۇ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىش ئەمەس، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ھەقىقەتەن روشەن، ئىسلام ئاللىقاچان يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئافرىقىلىقلارغا مەدەنىيەت يارىتىپ بەردى، ئۇ مەدەنىيەت ئۇلارغا بەدەننى

يۈگەشنى ئۆگەتتى. ئىسلامنىڭ بىۋاستە يېتەكلىشى بىلەن شۇ يەردىكى كىشلەر كىيىم كىيىدىغان، مەدەنىيەت باسقۇچىغا كىردى. ئوخشاشلا ئۇ ئادەملەرنىڭ هورۇنلۇق، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى. كىشلەرنى ئاكتىپ ئەمگەككە (ماددىي دۇنيادىكى بايلىقلارنى ئاچىدىغان) يېتەكلىدى. ئوخشاشلا ئۇ ئىجتىمائىلىششنى كۈچەيتىپ قەبىلە تۇرمۇشىدىن ئىسلامچە ئۈممەت تۇرمۇشىغا كىرگۈزدى.

ئەگەر بۇ مەدەنىيەت هېسابلانمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا مەدەنىيەت زادى نېمە؟ ئۇ ئالاهىدە ئەهۋال، مۇهىت ئاستىدىكى مەدەنىيەت، ئاشۇ ۋاقىت شۇ يەردىكى بار بولغان شارائىت ئېهتىماللىقلارغا تايانغان.

بىراق ئىسلام باشقا مۇهىتقا كىرگەندە ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەت ئۆلچىمى بىلەن باشقا بىر مەدەنىيەت قۇردى. مۇشۇ مۇهىت شارائىتنىڭ بارلىق شەرت، ئەمەلىي ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇردۇ. ئوخشاشلا ئىسلام ئۇسۇلى ۋە يولىغا ئاساسەن مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلىم - پەن، ئىقتىسادى، سانائەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم پەللىسىدە توختاپ قالمايدۇ.

بۇ شەرتلەر هازىرلانغاندا ئۇ بۇ هازىرلانغان ئىلگىرىلەش تەرەققىياتى بىلەن مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈغۋار نىشانىغا يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەگەر مەلۇم رايوندا بۇ ئەۋزەللىك هازىرلانمىغان بولسا ئۇنى هازىرلاپ تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىخەتەر تەرەققىياتىغا هەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىراق مەيلى قانداق ئەهۋال ئاستىدا بولسۇن ئىسلام مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزگەرمەس پىرىنسىپى ئۈستىگە قۇرىدۇ. هەر قېتىم بىر ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ماهىيەتلىك ئالاهىدىلىكى ۋە هەرىكەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن جانلىق قۇرۇلما مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ ئۇنى ناهايىتى روشەن هالدا هەرقانداق جاهىلىيەت جەمئىيەتلىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ.

## ئىسلامنىڭ پەن - مەدەنىيەت قارىشى

شەرتسىز هالدا ئاللاهقا بويسۇنۇش بولسا ئىسلام ئېتىقاد تۈۋرۈكىنىڭ بىرىنچى ئاملى. ئۇ «**لا اله الا الله**» نىڭ هەقىقى مەنىسى، ئاللاهنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق بويسۇنۇشنىڭ كونكرىت شەكىللىرىنى ئىگىلەش، ئۆگىنىش بولسا 2- ئاملى. ئۇ «**محمد رسول الله**» نىڭ هەقىقى مەنىسى، بۇ نۇقتىنى بىز «**لا اله الا الله**» تۇرمۇش يولى دېگەن باتا سۆزلەپ بولدۇق.

شەرتسىز هالدا بويسۇنۇش، ئېتىقادتا، ئىبادەت شەكىللىرى ۋە قانۇن - تۈزۈم هەرقايسى جەهەتلەردە ئاللاهقا بويسۇنۇشتا، ئاللاهنى ئۇلۇغلاشتا گەۋدىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار هۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ئاللاهتىن باشقا هەرقانداق ئىنساننىڭ هېچقايسىسىغا تەڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ هەم ئىبادەتنى ئاللاهتىن باشقا هەرقانداق مەخلۇققا قىلىشنى خاتا دەپ قارايدۇ.

بۇ نۇقتىلارنىمۇ ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەپ بولدۇق. بىز ئۇ بابلاردا بويسۇنۇش، ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەن. ئەمدى بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ يەن ـ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايان قىلىمىز.

ئىسلام دۇنيا قارىشى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇقۇمى پەقەت ئاللاھتىن قانۇن ـ تۈزۈم قوبۇل قىلىش، ئىختىلاپ تۇغۇلغاندا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش، ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىلا چەكلەنمەيدۇ. ماھىيەتتە «شەرىئەت ئىسلام قانۇنى ئۇقۇمى قانۇن ـ تۈزۈملەردە ھەتتا ھاكىمىيەت پىرىنسىپى تۈزۈملىرى ئىجتىمائىي ئاڭ دېگەندىلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ خىل تار دائىرىلىك ئۇقۇم ھەرگىزمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىدىكى «ھەقىقى قانۇن» نىڭ مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىسلام قانۇنى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەشكىللەش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولۇپ ھەممە تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېتىقاد پىرىنسىپ، ئەخلاق پىرىنسىپى، كىشىلىك ئالاقە، ئىش ـ ھەرىكەت پىرىنسىپى، شۇنىڭدەك بىلىم پىرىنسىپلىرىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشتا مۇشۇ دۇنيا قاراشنى تەشكىل قىلغان بارلىق ئامىللاردا ھۆكۈمرانلىقتا مۇناسىۋەتلىك ھوقۇق، كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت، (ئاشكارە ھادىسىلەر ۋە مەخپىي سىرلار) ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت (ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سىرلار)، ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت، بارلىق بۇ ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىنىش، شۇنىڭدەك بۇ ھەقىقەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق ھالدا پەقەت ئاللاھقا بويسۇنۇشنى گەۋدىلەندۈرىدىغان پرىنسىپنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوگاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇ يەنە ئىقتىساد، سىياسىي، ئىجتىمائى ئاڭ، شۇنىڭدەك مۇشۇلار پۈت تىكلەپ تۇرغان پىرىنسىپلاردا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئىجتىمائىي ئاڭنى تەشكىللەيدىغان قانۇن ـ تۈزۈملەردە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ نۇقتا ھازىر كىشىلەر تەرەپتىن قانۇن دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بىراق بۇ ئۇقۇم ئىسلام قانۇنىنىڭ ھەقىقى مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئىنتىك ئەخلاق، ھەرىكەت شۇنىڭدەك جەمئىيەتنى يېتەكلەيدىغان قىممەت قارىشى ۋە ئۆلچەملەردە گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى شەخسنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى، ھەرىكىتى، كىشىلىك ئالاقە، شۇنىڭدەك ھەرخىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز لىنىيىسىدە ماڭىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «بىلىم» نىڭ ھەرقايسى قاتلام، نۇقتىلىرىدا گەۋدىلىنىدۇ. قىسقىسى ئۇ بارلىق ئىدىيە پائالىيىتى ۋە بەدىئىي پائالىيەتتە گەۋدىلىنىدۇ.

خۇددى قانۇن ـ تۈزۈم ئىشلىرىدا (ھازىرقى تار ئۇقۇم بىلەن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كۆرسەتمە ئېلىش لازىم بولغىنىدەك، تۇرمۇشنىڭ باشقا ھەرقايسى ئىشلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كۆرسەتمە ئېلىش زۆرۈر بولىدۇ.

يۇقىرىقى ھەرخىل مۇلاھىزە ھەم بايانلار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى مەسىلىسى ئېھتىمال چۈشىنىلگەندۇر.

ئېتىنىك ئەخلاق، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ پىرىنسىپى شۇنىڭدەك قىممەت قارىشى ۋە ئۆلچەم مەسىلىلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىلگەندۇر! چۈنكى بىر جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئېتىنىك ئەخلاق، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە قىممەت قارىشى ئۆلچەملىرىنىڭ ھەممىسى بىۋاستە مۇشۇ جەمئىيەتنى باشقۇرۇۋاتقان ئېتىقاد قارشىدىن كەلگەن، ھەممىسى بىۋاستە ئېتىقاد قارشى باشقۇرۇۋاتقان ئېتىقاد تەركىبلىرىدىن كەلگەن بىردىنبىر بۇلاقتىن ئىبارەت.

بىراق ئىدىيە پائالىيىتى ۋە بەدىئىي پائالىيەتلەرمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشى ۋە ئىلاھى بۇلاق ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ مەسىلە ھەتتا ھېلىقى ئىسلام تەتقىقات ماقالىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغىمۇ يات تويۇلۇشى مۇمكىن، بەدىئىي پائالىيەتتىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر «ئىسلامنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى» دېگەن كىتاب ئالللقاچان نەشر قىلىنغان. ئۇ كىتاب بۇ مەسىلىگە قارىتا ئەتراپلىق، مۇكەممەل بايان ئېلىپ بارغان. ئۇ بارلىق بەدىئىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، ھېسسىيات، ئىنكاس شۇنىڭدەك ئادەم قەلبىدىكى كائىنات مەۋجۇتلىقى ۋە ھاياتلىققا بولغان كۆز قاراشنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە بارلىق سەنئەت (بەدىئىي) پائالىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغىنى پەرقلەندۈرىدىغىنى ئۇنىڭ ئىسلام دۇنيا قارىشى، چۈنكى ئۇ كائىنات مەۋجۇتلىقى، ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش بىلەن ياراتقۇچى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە، ئۇنىڭ كائىناتتىكى ئورنىغا، ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىكى مەقسىتىگە، ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ۋە كىشىلەر تۇرمۇش قىممىتىگە بولغان كۆز قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بىر ئۆلۈك ئىدىيە، نەزەرىيە ئەمەس. بەلكى جانلىق، جۇشقۇن، ئىلھامغا تولغان، تەسىرى كۈچكە ئىگە، ئاكتىپ، ئىنتىلىشچان، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرلەيدىغان ئادەمدىكى بارلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئېتىقاد قاراشتۇر. ئىدىيە پائالىيىتى مەسىلىسى شۇنىڭدەك ئالللاھقا مۇتلەق ھەر تەرەپتىن بويسۇنۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ پائالىيەتنى ئىسلام دۇنيا قارىشى ۋە ئىلاھى بۇلاققا تايىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز بۇنىڭدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە كىتابخانلارغا نىسبەتەن، ھەتتا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ۋە قانۇن تۈزەش ھوقۇقىنى ئالللاھقا قايتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بەلكىم يېڭى، يات ئۇقۇم بولۇشى مۇمكىن، بىر مۇسۇلمان ئېتىقاد، كائىنات ھەققىدىكى دۇنيا قاراش، چوقۇنۇش، ئىبادەت، ئېستېتىك ئەخلاق ـ پەزىلەت كەيپىيات، قىممەت قارىشى ۋە ئۆلچەمگە مۇناسىۋەتلىك ھەر جەھەتتىكى ئىشلاردا، ياكى سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادى تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىك ھەر جەھەتتىكى ئىشلاردا ياكى ئىنسانىيەت تارىخى جەريانىدا ۋە ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇددىئاسىنى تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك جەھەتلەردە پەقەتلا ئالللاھنىڭ ئىلاھى بۇلىقىدىن كۆرسەتمە قوبۇل قىلىدۇ ۋە يەنە پەقەت ئېتىقاد قەلب سەممىي، پاك، تۇرمۇشدا ئېتىقادنى ئەمەلىلەشتۈرگەن، ئىشىنىشكە، تايىنىشقا بولىدىغان مۇسۇلمانلاردىن كۆرسەتمە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بىراق مۇسۇلمان خىمىيە،

فىزىكا، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، مىدىتسىنا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مەمۇرىي ئىدارە قىلىش، ھۈنەر سەنئەت تېخنىكىلىرى، ھەربىي ئىشلار ۋە تۇرمۇش تېخنىكا جەھەتتە، شۇنىڭدەك باشقا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئىزلەنگەن ۋاقىتتا مۇسۇلمانلاردىنمۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەردىنمۇ كۆرسەتمە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، بىر ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتىمۇ ئۇنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى بۇ بارلىق ساھەلەردە ئامالىنىڭ بارىچە بۇ جەھەتتە بارلىق شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىش كۆرسەتمە بېرىش زۆرۈر. ئىسلام جەمئىيىتى چوقۇم بىر قىسىم كىشىلەر (كەسپىي خادىملار) ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك، ئەگەر يېتەرلىك كەسپىي ئىختىساسلىق خادىملار بولمىسا، بىر ياخشى مۇھىتنى يارىتىپ ئۇنى ئىسلام جەمئىيىتى ئىچىدە شەكىللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەتتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمىسە پۈتكۈل جەمئىيەت ئاللاھ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. بىراق ئىسلام جەمئىيىتى يېتەرلىك شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ بولغىچە بىر مۇسۇلمان بۇ ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا جەھەتلەردە مۇسۇلماندىنمۇ، مۇسۇلمان ئەمەستىنمۇ كۆرسەتمە قوبۇل قىلىش بولىدۇ. ئۆگىنىشكە بولىدۇ. ھەم يەنە ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىستە مۇجەسسەملەشكەن: «سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىسىلەر» ئۇ ھاياتلىققا، كائىناتقا، ئادەمگە، كىشىلىك تۇرمۇش مەقسىتىگە، ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنىيەتلەرنى قۇرغان، شۇنىڭدەك ئادەم بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تىكلىگەن مۇسۇلمانلار جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىپ، مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى بەلگىلەپ تۇرغان ئىتنىك ئەخلاق، ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەت، قىممەت قارىشى، ئۆلچەملەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، چۈنكى ئۇلاردا ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنى تۇيۇق يولغا باشلايدىغان جاھالەت، جاھالەتكە قايتۇرۇپ قويىدىغان خەتەر يوق. پۈتكۈل ئىنسانىيەت پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەھلىل ۋە چۈشەندۈرۈلۈشلەرگە كەلسەك، بۇ يەردە كۆرسىتىدىغىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى ۋە تارىخىي جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلەر، شۇنىڭدەك كائىنات مەۋجۇتلىقىغا بولغان چۈشەندۈرۈشلەر، ھاياتلىق شەكلىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى، ھەرىكەت پائالىيىتىنى تەشكىللەيدىغان پىرىنسىپ، يول ۋە قانۇن ـ تۈزۈمگە ئوخشاش ئېتىقاد بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار مەسىلىلەر. شۇڭلاشقا بىر مۇسۇلمان پەقەت بۇ جەھەتلەردە كۆرسەتمىلەرنى ئاللاھتىن، ساپ ئېتىقادقا ئىگە، سەممىي، ئىشىنىشكە بولىدىغان مۇسۇلمانلاردىن قوبۇل قىلىدۇ. مۇھىمى بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى بىر مۇسۇلماننىڭ ئېڭىدا ئىمان (ئېتىقاد) بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئاللاھقا مۇتلەق بويسۇنۇش پىرىنسىپىنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكىنى، ياكى «لا اله الا الله محمد رسول الله» نىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر.

بىراق مۇسۇلمان جاھالەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ئەسەر، ئىدىيە، نۇقتىنەزەرلەرنى تەتقىق قىلسا بولىدۇ. بىراق مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى تىكلەش بولماسلىقى

لازىمكى، پەقەت جاھالەتنىڭ قانداق قىلىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بولۇشى لازىم. ئادەمنىڭ بۇرمىلىنىۋەتكەنلىرىنى قانداق تۈزۈشنى چۈشىنىش، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ ساپ پىرىنسىپى ۋە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ھەقىقىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولۇشى لازىمدۇر.

پەلسەپە ئىنسانىيەت تارىخى، پسخولوگىيە (بەزى كۆزىتىش، ئىستىتىكلاش، ۋە بىۋاستە ماتېرىيالاردىن باشقا) قاتارلىق بارلىق مۇشۇ پەنلەرنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى، ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى زامان ھەممىسى جاھالەت ئىچىدە تۇرغان جاھالەتچە ئېتىقاد، قاراشىنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىمىغىنىدىن بىرسى يوق. ھەم جاھالەت ئىدىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ھەممىسى ئەمەس دېگەندىم كۆپ قىسمىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىش خاراكتىرلىك پىرىنسىپلىرىدا ئۇمۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا بەزىدە ئاشكار، بەزىدە يوشۇرۇن دىنىي ئىدىيىگە بولغان دۈشمەنلىكى بار، بولۇپمۇ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭقۇر.

مۇشۇنى ئاساس قىلغان ئىدىيە پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالى فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، مېدىتسىنالار پەقەت ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ئىستىتىكا دېگەن دائىرىلەردىن چىقىپ كەتمىسە ھەم ھەرقانداق شەكىلدىكى پەلسەپەۋى چۈشەندۈرۈش كاتوگورىيىسىگە كىرىپ قالمىسىلا مانا مۇشۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئوخشايدۇ. خۇددى دارۋىنچىلار بىئولوگىيە ئۈچۈن ئىلمىي كۆزىتىش ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش دېگەندەك كاتوگورىيەدىن ھالقىپ ھېچقانداق ئەمەلىي ئىسپاتسىز قىياس خاراكتېرلىك «ئىلىم - پەن» نى مەيدانغا كەلتۈرگىنىدەك، مەقسىتى شەخسىنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى ۋە شەخسى ياخشى كۆرىدىغان كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەش، ئۇ دەل ھاياتلىقنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىشنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغىنىدا، بۇ خىل ماددىي دۇنيانىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان يەنە بىر تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىشتۇر.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەتقىقاتلاردا ئادەملەرنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى ناھايىتى كۆلكىلىك چىقىپ قالغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن يېتەرلىك توغرا كۆرسەتمىلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسىلىلەر بويىسۇنۇش پەقەت ئاللاھقىدۇر دېگەن پىرىنسىپ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

«مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مىراسى» ئۇ ۋەتەن، ئىرق، مىللەت، دىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، بۇ ھۆكۈم ئىلىم - پەن ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشكىنىدە ئاندىن توغرا بولىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ كاتوگورىيىسىدىن ھالقىپ، ئۇ ئىلمى تەتقىقات نەتىجىسىگە قىياسەن پەلسەپىچە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغىنىدا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەت پائالىيىتى ۋە تارىخىغا پەلسەپىچە چۈشەندۈرۈشلەرنى ھەتتا ئەدەبىيات - سەنئەت، ھېسسىيات، ئىپادە شەكىللىرىگىمۇ پەلسەپىچە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارسا ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ.

بۇ ھۆكۈمنىڭ ئارقىسىدا راست گەپنى قىلغاندا خەلقئارا يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ قۇرغان تورىقى بار، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پەقەت بارلىق تۇسالغۇلارنى يۆتكەش، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى دۇنيانى زەھەرلەش، دۇنيانى كېسەلگە گىرىپتار قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەقىقىي ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشنى يوقىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىي قىساسچىلىرىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ سىياسى ھوقۇق مەركىزى قىلىپ ئۇلارنىڭ رەزىل ھىلە ـ مىكىرلىرىنى ئىلىپ بېرىش، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 1- تورلاق جازانىخورلۇق، دۇنيا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئاخىرىدا يەھۇدىي گۇرۇھلىرى كونترول قىلغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغا ئاقتۇرۇش!

بىراق ئىسلامنىڭ قارىشىدا ساپ ئىلىم ـ پەن ۋە پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىيەتتىن باشقا ئىككى خىل مەدەنىيەت بار. 1- ئىسلام دۇنيا قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام مەدەنىيىتى. 2- جاھىلىيەت مەدەنىيىتى. ئۇ گەرچە ھەرخىل رەڭگارەڭ ئاتۇ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاساسى ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئىدىيىسى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى مىزان قىلماسلىقتۇر. ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ بارلىق پىرىنسىپلىرىغا كۆرسەتمە بېرىپ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق بۇ پائالىيەتنىڭ ئىلگىرلەش ۋە ھاياتى كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىز بىلىمىزكى ھازىرقى ياۋرۇپانىڭ سانائەت، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشى ياۋرۇپادا ئەمەس ئىدى. بەلكى شەرق ۋە ئىسپانىيە، پورتىگالىنىڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ (سانائەت، پەن ـ تېخنىكا) قائىدە پىرىنسىپلىرى ئىسلام دۇنيا قارىشى ۋە كۆرسەتمە يول ـ يورۇقلىرىنىڭ كائىنات ھادىسلىرى ۋە كائىناتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ۋە بايلىقلارغا بولغان چۈشەندۈرۈشتىن كەلگەن.

بۇ ئىلگىرلەش يولىدىن كېيىن ياۋرۇپالىقلار پايدىلىنىپ ئىلىم ـ پەنگە قارىتا گۈللىنىش دەۋرىگە كىرىدى. ياۋرۇپانى تەرەققى قىلدۇردى ۋە ئىلگىرلەتتى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام دۇنياسى قەدەممۇ ـ قەدەم ئىسلامنىڭ ھەقىقى روھىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن (بۇنىڭدا ئاساسلىقى 2 خىل سەۋەب بار، بىرى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئىچكى ئامىل، يەنە، خىرىستىيان، يەھۇدىيلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئىبارەت تاشقى ئامىل) توختاپ قېلىپ ئاخىرىدا ئىسلام دۇنياسى تەتقىقات، تەجرىبە يولىنى تاشلىۋەتتى. كېيىن خىرىستىئان دىنى جەمئىيەتلىرى ئاللاھنىڭ نامىنى نىقاب قىلىپ كىشىلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ئەزگەن چېغىدا ياۋرۇپا قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي تەجرىبە، تەتقىق قىلىش يولى بىلەن ئىقتىسادىي پىرىنسىپىنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈۋەتتى، ھەم بۇنىڭدا دىنى جەمئىيەتلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلغانلىقتىن ئىلىم پەننىلا تۇتۇپ ئاخىرىدا ئاللاھتىن ئايرىلىپ كەتتى. بۇ مەسىلە ياۋرۇپانىڭ بۇ ئىدىيە ـ نەتىجىلىرى بىلەن ئوخشاشلا بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ ئامىللىرى بىلەن زىت، ئۇنىڭدا ئىسلام دۇنيا قارىشىغا بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بار. شۇڭلاشقا ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ ئامىللىرىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئىمكانىيەت قابىلىيىتى يار بەرسە ئۆزى شەخسەن بىۋاستە ئىلاھى بۇلاقتىن كۆرسەتمە ئىزلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلالمىسا پەقەت پىششىق

تونۇشلۇق، سەممىي، ئېتىقاد سەممىيتىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان مۇسۇلمانلاردىن كۆرسەتمە قوبۇل قىلىدۇ.

مەلۇم بىر ئادەم 40 يىللىق ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن. 40 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ بىرىنچى بۇرچى ئوقۇش ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى تەتقىق قىلىش بولغان، بىر قىسمى ئۇنىڭ كەسپى تەتقىقاتى، بىر قىسمى ئۇنىڭ شەخسىي قىزىقىدىغان ئوقۇشى، بىراق ئۇ ئىسلام ئېتىقادى ۋە دۇنيا قاراشىنىڭ بۇلىقىغا قايتىقىنىدا ئۆزىنىڭ ئوقۇغانلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىلاھى خەزىنىسىگە سېلىشتۇرغاندا ھەممىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئەرزىمەس، تىلغا ئالغۇسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ كىشى ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ھاياتىدىكى 40 يىللىق ئۆمرىگە پۇشايمان قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئېنىق ھالدا جاھىلىيەتنىڭ ماھىيىتىنى، بۇرمىلىشىنى، خاتالىق، باتىللىقىنى، ئۇنىڭ ئەرزىمەسلىكىنى، جاھالەتنىڭ مۇبالىغە، داۋراڭلىرىنى، ساختىلىق، ئالدامچىلىق، ھىلىگەر، رەزىللىكىنى كۆرۈۋالدى!

گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ يۇقىرىدا ئىپادىلىگىنىم پەقەت شەخسىنىڭ كۆز قارىشى، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى شەخسنىڭ بايان قىلغان كۆز قارىشىدىن تېخىمۇ كەسكىن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بىرەر ئىشقا ئېنىق ھۆكۈم چىقارغىنىدا، بىرەر مۇسۇلمان يەنىلا ئۆزىنىڭ قارىشىنى تەكتىلەۋەرسە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ سالمىقى ئىلاھى تارازىدا ئېغىر كېلىدۇ. خۇددى مۆمىنلەر ئىختىلاپقا يولۇققىنىدا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھغا تاپشۇرغىنىدەك بىزمۇ بۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھغا تاپشۇرۇپ بويسۇنىشىمىز لازىم.

يەھۇدىي خرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئاخىرقى مەقستى توغۇرلۇق ئاللاھ : [ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.] سۈرە بەقەرە 109- ئايەت.

[سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت ئاللاھنىڭ يولىدۇر». ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشىدىغان بولساڭ، (سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ.] سۈرە بەقەرە 120- ئايەت.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سىلەر كىتاب بېرىلگەنلەردىن ھەرقانداق ئىشنى سورىماڭلار، ئۇلار ھەرگىزمۇ سىلەرنى توغرا يولغا باشلىمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئاللىقاچان خاتالاشقان، ئەگەر ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭلار سىلەر ياكى سەپسەتىنى توغرا دەپ تونىغان بولىسىلەر، ياكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان بولىسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئەگەر مۇسا پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئۇمۇ پەقەت ماڭا ئەگىشەتتى».

يەھۇدى، خىرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان مەقستىنى ئالل‌اھ كەسكىن تەرىقىدە چۈشەندۈرگەن ۋاقىتتا، بىز يەنىلا ئەگەر ئۇلار ياخشى نىيەت سەۋەبىدىن ئىسلام ئېتىقادى ۋە ئىسلام تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ياكى ئىسلام جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادى تۈزۈمىگە كۆرسەتمە بېرىۋاتىدۇ، يورۇقلۇقغا يېتەكلەۋاتىدۇ دەپ ئويلىساق، بىز دۆۋەڭلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولىمىز. ھېلىقى ئالل‌اھنىڭ ئېنىق ئايەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۇلارنى شۇنداق ئويلىغان ئادەم ھەقىقەتەنمۇ بىر خام خىيالچى، ئالل‌اھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك مەنبەنى بەلگىلەپ بەردى.

[سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت ئالل‌اھنىڭ يولىدۇر». ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغان بولساڭ، (سېنى ئالل‌اھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ.] سۈرە بەقەرە 120- ئايەت.

چۈنكى ئالل‌اھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن باشقىسى پەقەتلا باتىللىق، ئالل‌اھنىڭ كۆرسەمىسىدىن باشقا تىلغا ئالغۇچىلىك كۆرسەتمە يوق! بۇ نۇقتىدىكى دەل يۇقىرىقى ئايەتتىكى تەكىتلەش ئىنتۇناتسىيىسى ئىپادىلىگەن، بۇ ئايەت ئىپادىلىگەن مەنىگە نىسبەتەن گۇمانلانغۇدەك ئورۇن، يەنى باشقا چۈشەندۈرۈش ئىزدەيدىغان ئېھتىماللىق يوق!

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالل‌اھ كەسكىن ھالدا ھېلىقى ئالل‌اھنىڭ ئەھكاملىرىنى تاشلىۋەتكەن، بارلىق زېھنى، كۈچىنى دۇنيانىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئاتىۋەتكەن، بارلىق زېھنى، كۈچىنى دۇنيالىق تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئاتىۋەتكەن ئادەملەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا بۇيرىدى. ھەم بۇ خىل ئادەملەرنىڭ گۇمان، قىياسىدىن باشقا ھەقىقى بىلىمى يوقلىقىنى بايان قىلدى. (مۇسۇلمان گۇمان، قىياس، پەرەزگە ئەگىشىشتىن چەكلەنگەن) بۇ خىل ئادەملەر بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشتىكى يۈزەكى، تاشقى بىلىملەرنى بىلىدۇكى ھەرگىزمۇ چوڭقۇر ھەقىقى بىلىمى يوق.

[بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئان)دىن باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگىن. ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.] سۈرە نەجىم 29-30- ئايەتلەر.

[ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر] سۈرە رۇم 7- ئايەت.

ئالل‌اھنىڭ بۇيرۇق، ئەھكاملىرىغا پىسەنت قىلماسلىق، بۇ دۇنيالىق تۇرمۇش، راھەت پاراغەتنىلا كۆزلەش ھازىرقى بارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىس، پرۇفېسسۇرلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلار پەقەت تاشقى، يۈزەكى بىلىمنىلا بىلىدۇ. بۇ خىل «بىلىم» مۇسۇلمانلار يۆلىنىدىغان، بارلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلىدىغان ھەقىقى بىلىم ئەمەس. بىر مۇسۇلمان پەقەت ساپ يەن - تېخنىكا

ساھەسىدە ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتلىق، تۇرمۇش، ئىدىيە دېگەندەك ساھالەرگە بولغان تەھلىل، چۈشەندۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ قۇرئان كۆرسەتكەن بىلىم ئەمەس. ئاللاھ: [ئېيتقىنكى بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ]. بۇ قايتۇرما سوراق شەكلىدىكى سوئال جۈملىلىك ئايەت بىر پۈتۈن ئايەت ئىچىدە كەلگەن. ھەرگىزمۇ ئايەتنىڭ ئۈستۈنكى، ئاستىنقى مەسىلىلىرىنى ئايرىۋېتىپ ئەسلى ماھىيىتىگە مۇۋاپىق بولمىغان يەردە ئۇنى قىلغىنىدەك ئەمەسن تۆۋەندىكىسى دەل شۇ بىر پۈتۈن ئايەت:

[(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)». ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ».] سۈرە زۇمەر 9- ئايەت.

مۇشۇنداق كېچىدە سەجدە قىيامدا تۇرغان، ئاخىرەتتىن قورقۇپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان كىشىلەر ئاندىن بىلىملىك ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى، ئادەمنى ئاللاھتىن قورقىدىغان قىلىدىغان ھەقىقى بىلىمكى ھەرگىزمۇ ئادەم تەبىئەتنى ۋەيران قىلىپ ئاللاھقا ئاسىلىق قىلدۇرىدىغان بىلىم ئەمەس.

بىلىم ھەرگىزمۇ ئېتىقاد، دىنى مەجبۇرىيەت، قانۇن ـ تۈزۈم كاتوگورىسىدىلا چەكلەنمەيدۇ. بىلىم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرى، بىلىملىرى، يەنە مۇشۇ قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئېتىقاد، دىنى مەجبۇرىيەت، قانۇن ـ تۈزۈملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھقا ۋاكالىتەن زېمىننى تۈزەيدىغان ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئېتىقادتىن ئايرىلغان بىلىم ھەرگىزمۇ قۇرئان كۆرسەتكەن بىلىم ئەمەس. قۇرئان ماختىغان كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئەمەس. ھەقىقەتەنمۇ ئېتىقاد پىرىنسىپى ۋە ئاسترونومىيە، فىزىكا، خېمىيە، بىئولوگىيە، گىئولوگىيە، ۋە باشقا كائىنات قانۇنى ۋە باشقا جانلىقلار قانۇنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل باغلىنىش بار. بۇ بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ئاللاھقا باشلايدۇ. پەقەت شەخسىي ئارزۇ تەرىپىدىن ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇلمىسا، خۇددى ياۋرۇپا ئىلىم ـ پەن قايتا گۈللىنىشىدە (قوبۇل قىلغان) ماڭغان يولىغا ئوخشاش. ناھايىتى ئەپسۇس، ياۋرۇپا ئالاھىدە باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ئالىملار ۋە خىرىستىئانلار دىنى جەمئىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بەختسىز كۆرەش مەيدانغا كەلدى! ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ تارىخ ياۋرۇپا ئىدىيە شەكلىگە ۋە ياۋرۇپا تەپەككۇر ئەندىزىسىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى. بارلىق دىنى ئىدىيىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان زەھەرلەرنى جۇغلاپ قويدى. (پەقەتلا دىنى جەمئىيەت ئىدىيىلىرى ۋە خىرىستىئان جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىلا ئەمەس) ياۋرۇپا ئىدىيىسىدە مەيدانغا كەلگەن

بارلىق ئىدىيە ۋە بىلىم ساھەسىدە مەيلى پەلسەپە، مەيلى قارىماققا دىنى مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بولسۇن، بىرەرىمۇ بىخەتەر، ئامان قالغىنى يوق.

ئەگەر غەرب ئىدىيە شەكلى بۇ ئىدىيىنىڭ، بىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى مەھسۇلاتلىرى تۈپتىن دىنى ئىدىيە پىرىنسىپلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان زەھەرلىك ئامىللار ئۈستىدە بولسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ خۇلاسىمىز شۇكى، ئىدىيە شەكىللىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى ئىسلام دۇنيا قارىشىغا يوشۇرۇن دۈشمەنلىك نىيىتى بار، بۇ خىل دۈشمەنلىك مەقسەتلىك، كۆپىنچە ئەھۋال ئاستىدا قەستەن كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان. ئامال قىلىپ بارلىق زېھنى قۇۋۋىتىنى ئىشلىتىپ ئىمانىنى، دۇنيا قاراش ۋە ئىسلام ئۇقۇمىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام جەمئىيەتىنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرىنى ۋە پۈت تىرەپ تۇرىدىغان بارلىق ئاساسلارنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ.

شۇڭلاشقا ئىسلام تەتقىقاتىدا يەنىلا غەربچە ئىدىيە شەكلى ۋە مەھسۇلاتلىرىغا تايانساق نومۇسسىزلارچە قارغۇلۇق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ساپ ئىلىم ـ پەننى تەتقىق قىلىپ غەربلىكلەردىن كۆرسەتمە ئالغىنىمىزدا، بىز ھەرقانداق بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەلسەپىلەردىن ھۇشيار تۇرىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇلار بارلىق دىنىنى ئىدىيىلەرگە، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنيا قارىشىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە زەھەرمۇ ئىسلامنىڭ سۈزۈك بۇلىقىنى بۇلغىۋېتىش خەۋپىنى تۇغدۇرىدۇ.

## مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكى ۋە ئەقىدىسى

ئىسلام دىنى، ئىنسانىيەتكە كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ ھەقىقىتى ئۈچۈن يېڭى چۈشەنچىنى ئېلىپ كەلگەن كۈندە، مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ھەقىقىتىنىڭ يېڭى چۈشەنچىسىنى ئېلىپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ قىممەت قاراشلارنىڭ ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىدىغان يۆلىنىش مەنبەسىنىڭ ھەقىقىتى ئۈچۈنمۇ يېڭى چۈشەنچىنى ئېلىپ كەلدى.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەربىيەتچىسى بولغان ئاللاھ تەرەپكە قايتۇرىدۇ. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ھاياتىنى ئاللاھتىن قوبۇل قىلغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىدىغان بىردىنبىر كۈچ قىلىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەر بۇ دۇنياغا ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقاندەك، مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەت ئىشلىرىدىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە قايتىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئاللاھقا تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر ئالاقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. بۇ ئالاقە ئۈزۈلسە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ دوستلۇق ئالاقىسى يوقايدۇ.

[ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـــ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن

ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەر] سۈرە مۇجادىلە 22 - ئايەت.

ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ پارچىلانمايدىغان بىرلا پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى باشقا پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسىنى شەيتان پارتىيىسى ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

[مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.] سۈرە نىسا 76 - ئايەت.

شۇنداقلا ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان بىرلا يولنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، باشقا يوللارنىڭ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرمايدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

[بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.] سۈرە ئەنئام 153 - ئايەت.

شۇنداق ئىسلام تۈزۈمىدىن ئىبارەت بىرلا تۈزۈمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق تۈزۈمنىڭ جاھالەت تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

[ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار] سۈرە مائىدە 50 - ئايەت.

شۇنداقلا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى (قانۇن) دىن ئىبارەت بىرلا شەرىئەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق قانۇنلارنىڭ كىشىلەر خىيالىغا تايىنىپ تۇرغۇزۇلغان سەپسەتە ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

[ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن] سۈرە جاسىيە 18- ئايەت.

شۇنداقلا بۆلۈنمەيدىغان (بىر قانچە بولمايدىغان) بىرلا ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ.

[(يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ ئاللاھ دۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»] سۈرە يۇنۇس 32 - ئايەت.

شۇنداقلا ئىسلام بىرلا دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. بۇ بولسا ئىسلام دۆلىتىدۇر. بۇ دۆلەتتە مۇسۇلمانلار ئىش باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدا

ئاللاھنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم ئىجرا قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا تېگىشلىك دۆلەتلەردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ.

1)ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش.

2) تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش.

بۇ دۆلەت مۇشۇنداق شارئىتتىمۇ ئىسلام دۆلتى بولالمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا بولمايدۇ.

[ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر- بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر- بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر- بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ. ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ. كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر] سۈرە ئەنفال 72 ـ تىن 75 ـ ئايەتكىچە.

ئىسلام دىنى يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈرلۈك ۋە كەسكىنلىككە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام ئىنسانىيەتنى زېمىن، تۇپراق، ۋەتەن، مىللەت مۇناسىۋەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىنسانلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئېلىپ چىقتى. شۇڭا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى يۈرگۈزۈلگەن ۋەتەنلا مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنىدۇر. بىر مۇسۇلمان بىلەن ئۇ ۋەتەن ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئاساسىدا ئورنىتىلىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكى ئۇنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، ئۇ ئەقىدە ئۇ مۇسۇلماننى ئىسلام دۆلتى مۇسۇلمانلار گەۋدىسىنىڭ بىر ئەزاسى قىلىدۇ. ھەممە ئاللاھقا بولغان ئېتىقادتىن ئىتىلىپ چىققان ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىلا مۇسۇلماننىڭ مۇناسىۋىتى بولىدۇ. مۇسۇلمان بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئارىسىدىكى ئالاقە مانا مۇشۇنداق ئورنىتىلىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئانىسى، دادىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ئايالى بولغان مۇناسىۋىتى ياراتقۇچى ئاللاھقا بولغان ساپ ئېتىقاد ئاساسىدا ئورنىتىلمايدىكەن. ئۇلارنىڭ بىر- بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بولالمايدۇ.

[ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر] سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت.

ئەقىدە ئوخشاشماسلىقى، بالىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشتىن توسۇپ قالمايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلەردە بولسا، ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت (ياخشىلىق قىلىش مۇناسىۋىتى) شۇئان ئۈزۈلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇ ھەقتە بىزگە روشەن ئۈلگە بولالايدۇ.

ئىبنى زىياددىن رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپتۇ. پەيغەمبەر سورايدۇ ئابدۇللاھ: «ئاتام بارلىقىنى سىزگە ئاتىغان ئىدى. ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئاتام زادى نېمىلەرنى دېدى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ «ئەگەر مېنى مەدىنىگە قايتىپ كەلسە ئېسىلزادىلەرگە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى قوغلاتقۇزۇۋاتىدۇ» دېدى، دەيدۇ. ئابدۇللا بۇنى ئاڭلاپلا ۋاقىراپ كېتىدۇ. «ئۇ شۇنداق دېدىمۇ؟ سىز ئىسىلزادە، ئۇ تۆۋەن، سىز ئامال تېپىپ مەدىنىگە كېلىشنى ئويلىدىڭىز، ھەممىگە مەلۇم مەن ھەرقانداق بىر ئادەمگە قارىغاندا ئاتامغا بەكرەك سادىق، لېكىن ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئاتامنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەل دېسە مەن بىجا كەلتۈرىمەن» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بۇ يولدىن توستى. ئابدۇللاھ مەدىنىگە كېلىپ قولىغا قېلىچنى ئېلىپ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتىسىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا توۋلايدۇ. «سەن ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلسە ئۇنداقتا ئاقسۆڭەكلەر تۆۋەندىكىلەرنى قوغلاپ چىقىرىدۇ دەپسەن، ھازىر ساڭا كىمنىڭ ئاقسۇڭەك، كىمنىڭ تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىمەن، ئاللاھ گۇۋاھ، سەن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتىسىز ئەمدى مەدىنىدە تۇرالمايسەن»

ئۇبەي ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىدىن ۋارقىراپ يىغلاپ تاشلايدۇ. «ھەي ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ خالايىقلار! ئوغلۇم مېنىڭ ئۆيگە قاتنىشىمنى توسۇۋاتىدۇ» دەيدۇ.

لېكىن ئوغلى ئۇنى بىر قەدەممۇ ئالدىغا ماڭغۇزمايدۇ، ئۇ مەن «مەن ئاللاھقا ئىشىنىمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلمىغۇچە، مەدىنىگە كىرىشنى خام ـ خىيال قىلغۇچى بولما» كۆپچىلىك ئارىغا چۈشكەن بولسىمۇ، بەربىر ئۇ دېگىنىنى قىلىدۇ. ئاخىرى بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىشنى ئېيتىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئاتىسىنى كىرگۈزۈشنى ئېيتىدۇ. ئابدۇللاھ

شۇ چاغدىلا بويرۇقنا بويسۇنىدۇ. ئۇ «ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇلدى، ئەمدى شەھەرگە كىرسەك بولىدۇ» دەيدۇ. ھەدىس

ئەقىدە مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان چاغدا، مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى قېرىنداش بولىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق ۋە نەسەپ مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ!!!...

[مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر] سۈرە ھۇجۇرات 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ئىمان ئېيتقانلار، (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر- بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر- بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.] سۈرە ئەنفال 72- ئايەت.

مانا بۇ ئالدىنقى ئەۋلادلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تۇتاشتۇرىدىغان ئۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئالدىنقىسىنى كېيىنكىسىگە دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر مېھرىبانلىق ئارغامچىسى بىلەن باغلايدىغان (چاتىدىغان) مۇناسىۋەتتۇر.

[ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ( مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ] سۈرە ھەشر 9 – 10 ـ ئايەتلەر.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ئىنسانلار تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

[نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن

نەرسەڭنى مەندىن سورىمغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن»] سۈرە ھۇد 45-46- ئايەتلەر.

[ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.] سۈرە بەقەرە 124- ئايەت.

[ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!.] سۈرە بەقەرە 126 - ئايەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ئازغۇنلۇق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن چېغىدا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى.

[سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن».] سۈرە مەريەم 48- ئايەت.

ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەرنىڭ ياخشى ئۈلگە ۋە نەمۇنە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

[ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر ئېيتتى) «پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.] سۈرە مۇمتەھىنە 4 ـ ئايەت.

ئەسھابۇل كەھفى يىگىتلىرى ئائىلىسى، خەلقى ۋە زېمىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ يالغۇز بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئەقىدىسىنى قوغدىدى. چۈنكى ئۇلارغا ۋەتىنى، ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى ئىچىدە تۇرۇپ ئەقىدىسىنى قوغداپ قالغۇدەك ئورۇن تېپىلمىغانتى.

[بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى)

مۇستەهكەم قىلدۇق، ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز، ئەگەر بىز (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز. بىزنىڭ قەۋمىمىز ئاللاھنى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ، ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟». (ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.] سۈرە كەھف 13- تىن 16-ئايەتكىچە.

نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاياللىرىدىن ئايرىلدى. چۈنكى ئەقىدە ئايرىمچىلىقى بۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى.

[ئاللاھ كۇففارلارغا (ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىمىزنىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ بىلەن لۇت) (پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق) ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى. (ئۇ ئىككىسىگە) «دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرىڭلار» دېيىلدى.] سۈرە تەھرىم 10 ئايەت.

شۇنداقلا پىرئەۋننىڭ ئايالى ئېرىدىن ئايرىلدى. چۈنكى ئەقىدە ئايرىمچىلىقى بۇلارنىڭ ئارىسىنىمۇ ئايرىپ تاشلىغاندى.

[ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى.] سۈرە تەھرىم 11- ئايەت.

مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىلەر توغرىسىدىكى مىساللار يۇقىرىدا بايان قىلىندى. دادىلىق مۇناسىۋىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە، بالىلىق ۋە ۋەتەن مۇناسىۋىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىدە، ئائىلە، قەبىلە ۋە ۋەتەن مۇناسىۋىتى غار ئىگىلىرى قىسسىدە، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتى نوھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى قىسسىسىدە ھەمدە پىرئەۋننىڭ قىسسىسىدە روشەن بايان قىلىندى.

ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىلارنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشىدە يۇقىرىقىدەك شانلىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئىسلام ئۈممىتى مەيدانغا كېلىپ، ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) قالدۇرۇپ كەتكەن مىسال، ئۈلگە ۋە تەجرىبىلەردىن، بۇ بىباھا گۆھەرلەرگە ئېرىشتى. ئاندىن ئىمانلىق كىشىلەرگە بەلگىلەنگەن يول بويىچە ماڭدى.

ئەقىدىدە ئايرىلغان چاغدا بىر قەبىلە ۋە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ. تۇنجى ئالاقە (ئەقىدە ئالاقىسى) بىخلانغان چاغدا ئوخشىمايدىغان قەبىلە ۋە ئائىلە كىشىلىرى ئۆزئارا بىرلىشىدۇ.

ئاللاھ مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى — ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق - تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ - دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر] سۈرە مۇجادىلە 22- ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ تاغىلىرى ئەبۇ لەھەب ۋە ئەبۇ جەھىل ئارىسىدىكى تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ، مۇھاجىرلار ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا قارشى تۇرۇپ، بەدرى كۈنى ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن چاغدا، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدا ئەقىدە مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. ھەممە ئۇلار بىر ئائىلە ۋە قېرىنداشلارغا ئايلاندى. ئەرەب مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قېرىنداشلاردىن باشقا مىللەتلەردىن رۇملۇق سۇھەيىپ، ھەبەشىستانلىق بىلال ۋە ئېرانلىق سەلمان قاتارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئەقىدە مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلدى. ئۇلاردىن قەبىلەۋازلىق، مىللەتچىلىك ۋە تەرەپۋازلىق دېگەنلەر تامامەن يوقالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئۇنى (تەرەپۋازلىق ئىللەتلىرىنى) تاشلاڭلار. چۈنكى (ئىنسانىيەت روھىنى) چىرىتكۈچى ئامىلدۇر» ... «كىمكى تەرەپۋازىققا چاقىرىپ، تەرەپۋازلىقنى قوللاپ ئۇرۇش قىلسا ۋە تەرەپۋازلىق ئۈستىگە ئۆلۈپ كەتسە ئۇ مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئەمەس»

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەردىن پۈتۈنلەي تازىلاندى. ئىسلام ئۇممىتى ۋەتەن، مىللەت، ئىرقى، دۆلەت ۋە يەنە قانداقتۇر ئىسلام ئۇممىتىنى پارچىلايدىغان ئايرىمچىلىقلاردىن يىراق ھالدا ئۈستۈنكى ئالەمنىڭ خۇشپۇراق ھىدىنى پۇرىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ زېمىننىڭ ھەممىسى مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى ھېسابلانمىدى. بەلكى ئىسلام ئەقىدىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىن (ئىسلام دۆلىتى) مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى دەپ قارالدى. مۇسۇلمان شۇ دۆلەتتە ياشايدۇ. شۇ دۆلەتنى قوغدايدۇ، شۇ دۆلەتنى، ھەتتا شۇ دۆلەتنىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ قوغداش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىدۇ. ئاشۇنداق دۆلەت ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى قانۇن قىلغان، ئىسلام شەرىئىتىگە بويسۇنغان مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمان بولمىسىمۇ ئاشۇ ۋەتەندە ياشاۋاتقان «ئەھلى كىتاب» لارغا ئوخشاش كىشىلەرگە تىنچلىق بېرىدۇ. ئەكسىچە ئىسلام رەھبەرلىك قىلمايدىغان، ئاللاھنىڭ قانۇنى ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان دۆلەت بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ئۇنىڭغا قارشى

ئۇرۇش ئىچىشقا تىگىشلىك دۆلەتتۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان شۇ دۆلەتتىكىلەرگە ئۇرۇش ئاچىدۇ، مەيلى ئۇ مۇسۇلمان شۇ دۆلەتتە تۇغۇلغان بولسۇن، ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، ئۆي جايلىرى ۋە مال ـ بايلىقلىرى شۇ يەردە بولسۇن.

شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مەككە ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي تۇرۇپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى. گەرچە مەككىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، ئۆي جايلىرى، ساھابىلەرنىڭ ئۆي ـ جايلىرى، مال ـ بايلىقلىرى بولغان بولسىمۇ! شۇنىڭ بىلەن مەككە ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلام قانۇنى قويۇلغاندىلا، ئاندىن ئىسلام دۆلىتى ھېسابلاندى.

مانا بۇ ئىسلام، پەقەت مۇشۇلا ئىسلام... ئىسلام دېگەن ئېغىزدىلا ئېيتىپ قويىدىغان قۇرۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام زېمىندا تۇغۇلىشمۇ ئەمەس، ئىسلام نامىنى كۆتۈرۈۋېلىشمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك ئىسلام ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭغا مىراسخورلۇق قىلىشمۇ ئەمەس.

[(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.

مانا بۇ ئىسلام، مانا مۇشۇلا ئىسلام دۆلىتى.

زېمىن، ئىرق، نەسەب، مىللەت، قەبىلە، ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى ئاللاھ دېمەكچى بولغان دۆلىتىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ.

ئىسلام، ئىنسانىيەتنى تۆۋەندىكى ئالەمدىن كۆتۈرۈپ ئۈستۈنكى ئالەمگە تۇتاشتۇردى. ھايۋانلار تەبىقىسىدى ئايرىپ ئىنسانلار تەبىقىسىگە ئېلىپ چىقتى. جاھالەت قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇپ ئىسلام نۇرىغا باشلىدى.

مۇسۇلمان پانالىنىدىغان ۋە قوغدايدىغان ۋەتەن يەر شارىنىڭ بىر پارچىسى (بىر قىسمى) لا ئەمەس. مۇسۇلمان ئۇنىڭ بىلەن تونۇلىدىغان ۋەتەندۇر. تەۋەلىك، ھاكىمىيەت تەۋەلىكى ئەمەس. مۇسۇلمان بىرلىكتە ياشاپ ئۇنى قوغدايغان تەۋەلىكتۇر. قېرىنداشلىق قان قېرىنداشلىقى ئەمەس، مۇسۇلمان ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا شەھىد بولىدىغان قېرىنداشلىقتۇر. بايراق، مىللەتچىلىك بايرىقى ئەمەس. مۇسۇلمان ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ رەھمەت ئېيتىدىغان بايراقتۇر. غەلىبە قانداقتۇر بىر ئارمىيىنىڭ غەلىبىسى ئەمەس، ئىسلام مۇجاھىدلىرىنىڭ غەلىبىسىدۇر.

[ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر] سۈرە نەسىر

شۈبھىسىزكى غەلىبە بايراقلار ئاستىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىدە بايرىقى ئاستىدىكى غەلىبىدۇر.

جىھاد ـ قانداقتۇر بىر نىشان ئۈچۈن ياكى قانداقتۇر بىر دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالLاھنىڭ دىن ۋە شەرىئىتىنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن، ھەمدە ئىسلام دۆلىتىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنغان جىھادتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئالLاھنىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ غەنىمەت ۋە نام ـ ئاتاقققا ئېرىشىش، ياكى زېمىن ۋە خەلقنى غوغداش ۋە ياكى ئائىلە ۋە بالىلارنى قوغداش مەقسەت قىلىنمايدۇ.

جىھاد يەنە دىن يولىدا ئەرزىيەت چەككۈچىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ قىلىنىدۇ.

ئەبۇ مۇسانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باتۇرلۇقنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن ياكى تەرەپۋازلىق ۋە رىياخورلۇق قىلىپ ئۇرۇش قىلىدىغان كىشىنىڭ قايسىسى ئالLاھ يولىدا بولىدۇ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئالLاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، شۇ كىشى ئالLاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ»

ئالLاھ نىشان قىلىنمىغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن ھەرقانداق كىشى شەھىدلىك دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسىگە قارىش تۇرىدىغان، ئىسلام دىنىدىن كىشىلەرنى توسىدىغان ۋە ئىسلام قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇغان ھەرقانداق زېمىن، گەرچە ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، قەۋىم ـ قېرىنداشلىرى، مال ـ دۇنياسى، سودا ـ تىجارىتى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا تېگىشلىك دۆلەتتۇر. ئىسلام ئەقىدىسى تۇرغۇزۇلغان، ئىسلام قانۇنىنى قانۇن قىلىدىغان ھەرقانداق زېمىن، ئۇنىڭدا ئائىلە، ئۇرۇق ـ تۇققان، قەۋىم ـ قېرىنداش، سودا ـ تىجارىتى بولمىسىمۇ ئۇ يەنىلا ئىسلام دۆلىتىدۇر.

ئالLاھتىن قوبۇل قىلىنغان ئەقىدە، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت ـ مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنىدۇر. مانا بۇ «ئىنسانغا لايىق ۋەتەن» نىڭ مەنىسى.

ئەقىدە، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكىدۇر. مانا بۇ ئادەملەرگە لايىق مۇناسىۋەت شەكلىدۇر. ھەقىقەتەن ئائىلە، قەبىلە، مىللەت، دۆلەت، ئىرق، زېمىن، تەرەپۋازلىق ئۇقۇمى قالاق ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ روھى چۈشكۈنلىشىش تارىخىدا تونۇپ يەتكەن جاھالەت ئۇقۇمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «كىشىلەرنىڭ روھىنى چىرىتكۈچى ئامىل» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سەسكىنىش، نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى چىقىپ تۇرىدۇ.

يەھۇدىيلەر مىللەت تەۋەلىكىگە ئاساسلىنىپ، بىز ئالLاھنىڭ تاللىغان خەلقلىرى دەپ داۋا قىلغان چېغىدا، ئالLاھ ئۇلارنىڭ بۇ داۋاسىغا رەددىيە بەردى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كىشىلەرنىڭ مىللىتى، جىنسى ۋە ۋەتىنى ئوخشىمىسىمۇ، قىممەت ئۆلچىمىنى ھەقىقى ئىمانغا قايتۇردى.

[ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن. ئېيتىڭلاركى، «ئالLاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان

ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز». ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (سەن بىلەن) ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ، ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە- مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز.] سۈرە بەقەرە 135 - تىن 138 - ئايەتكىچە.

ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ تاللىغان خەلقلىرى، جىنسى، ئىرق، ۋەتىنى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئاللاھنىڭ بايرىقى ئاستىدا ياشايدىغان ئىسلام ئۈممىتىدۇر.

[ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلەرمۇ بار، ئۇلار نىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر] سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەت.

بۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تۇنجى ئەۋلادلىرى ئەرەبلەردىن ئەبۇ بەكرى، ھەبەشىستانلىق بىلال، رۇملۇق سۇھەيب ۋە ئىرانلىق سەلمان (ئۇلاردىن باشقىلار) دىن باشلانغان. كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ مۇشۇ يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلدى.

ئەقىدە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكى، ئىسلام دۆلىتى، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھاكىمىيتى، قۇرئان ئۇلارنىڭ دەستۇرى ئىدى.

دۆلەت، تەۋەلىك ۋە ئۇرۇق - تۇققانچىلىقنىڭ بۇ يېڭىسەك چۈشەنچىسى، ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىشى، غەربلىكلەرنىڭ جاھالەتچە تەسەۋۋۇرلىرى ئۇنىڭغا ئارلىشىپ قالماسلىقى، زېمىن، جىنس، مىللەت، نەسەب ۋە پۇچەك مەنپەئەتتىن ئىبارەت يوشۇرۇن شېرىك چۈشەنچىلىرى سىرىلىپ كىرىۋالماسلىقى كېرەك.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقىلارنى بىر ئايەتتە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى بىر پەللىدە ئىمان ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى يەنە بىر پەللىدە قويغان ھەمدە كىشىلەرگە تاللاش ئىختىيارىنى بەرگەن.

[ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق – تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتىھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ».] سۈرە تەۋبە 24- ئايەت.

ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى جاھىلىيەتنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئىسلام ھەقىقىتىنى، ئۇرۇش ئېچىشقا تېگىشلىك دۆلەت بىلەن ئىسلام دۆلىتىنىڭ پەرقىنى يۈزەكى چۈشىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە شۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى. ئىسلام ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان، ئىسلام قانۇنىنى قانۇن قىلمايدىغان زېمىندا ئىسلام مەۋجۇت ئەمەس. ئىسلام پىرىنسىپى ۋە قانۇن - تۈزۈمى رەھبەرلىك قىلمايدىغان دۆلەت ئىسلام دۆلىتى ئەمەس. ئىماننىڭ كەينىدە كۇفرى، ئىسلامنىڭ كەينىدە جاھالەت، ھەقىقەتنىڭ كەينىدە ئازغۇنلۇقلا مەۋجۇت.

## ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆچۈش دەۋرى

ئىمان ئېتىقان، ياكى ئېيتمىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا ئىسلامنى تەبلىغ قىلغىنىمىزدا، ئۆزىمىزدە تامامەن ئوچۇق بولۇش لازىم بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك بىر ھەقىقەت بار، ئۇ ئىسلامنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتىدىن ۋە تارىخىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىسلام ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مۇستەقىل كائىنات ۋە ھايات سىستېمىدۇر. پۈتۈن ئالاقە ۋە دىنامىكلىرى بىلەن ئۆز- ئۆزىگە خۇجايىندۇر. مۇستەقىل ھايات سىستېمىسى ئۇنىڭدىن مەيدانغا كېلىدۇ. مەلۇم بولغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە تۈزۈم ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەشكەن.

بۇ چۈشەنچە كونا بولسۇن، يېڭى بولسۇن پۈتۈن جاھىلىيەت چۈشەنچىلىرىگە تۈپ يىلتىزىدىن زىت كېلىدۇ. بۇ چۈشەنچىلەر بىلەن بەزى باشقا نۇقتىلاردا ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇلارنىڭ ئاساسلانغان مەنبەسى ئىنسانلار تۇنغان باشقا تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىدىن پەرقلىقتۇر.

ئىسلامنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى يەر يۈزىدە بۇ چۈشەنچىگە ئۇيغۇن بىر ھايات سىستېمىسى قۇرۇش، ئۇنىڭ ئەمەلىي شەكىلدە ئاشكارا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاللاھنىڭ تاللىغان ئىلاھىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر تۈزۈم قۇرۇشتۇر. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇش ئۈچۈن بۇ مۇسۇلمان ئۈممەتنى ئاللاھ ئەۋەتتى: [سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.] سۈرە ئال ئىمران 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئۈممەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: [ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ] سۈرە ھەج 41 - ئايەت.

ئۇنداق بولسا، ئىسلامنىڭ ۋەزىپىسى يەر يۈزىدە ھاكىم بولغان جاھىلىيەت چۈشەنچىسى بىلەن، ھەر يەردە ھاكىم بولغان جاھىلىيەت تەشكىلاتلىرى بىلەن كېلىشىش ئەمەس. ئىسلام كەلگەن كۈندىمۇ ۋەزىپىسى بۇ ئەمەس ئىدى، بۈگۈنكى ۋەزىپىسىمۇ بۇ ئەمەس، كەلگۈسىدىمۇ بۇنداق بولمايدۇ... جاھىلىيەت ئەينى جاھىلىيەتتۇر. جاھىلىيەت يېگانە بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلماسلىق، ئىلاھى ھايات يولىدىن ئېزىش، ئىلاھى مەنبەنىڭ سىرتىدىكى باشقا بىر مەنبەدىن

تۈزۈم، ھوقۇق، قانۇن، ئادەت، ئەنئەنە، قىممەت ۋە ئۆلچەملەر ئوتتۇرىغا چىقىرىشتۇر. ئىسلام بولسا يەنە ئەينى ئىسلامدۇر. ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا ئېلىپ كېلىشتۇر.

جاھىلىيەت، ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان ھالدا بەزى ئىنسانلارنىڭ باشقا ئىنسانلار نامىدا قانۇن چىقىرىپ ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا قۇل بولۇشىدۇر.

ئىسلام بولسا، ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى، ئەقىدىلىرىنى، قانۇن - تۈزۈملىرىنى، ھوقۇقلىرىنى، قىممەت ئۆلچەملىرىنى يېگانە بولغان ئاللاھتىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، بەندىگە بەندە بولۇشتىن قوتۇلۇشتۇر.

ئىسلامغا ئىشەنگەن ۋە ئىشەنمىگەن پۈتۈن ئىنسانلارغا ئىسلامنىڭ تەبىئىتىدىن كېلىپ چىققان بۇ ھەقىقەتنى، يەر يۈزىدىكى رولىنى ۋە شەكلىنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

ئىسلام، نە چۈشەنچە جەھەتتە، نە بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن تەتبىقلاش جەھەتتە جاھىلىيەت بىلەن ئورتاق ھەل قىلىش، ئورتاق بولۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ.... يا ئىسلام .... يا جاھىلىيەت ... ئىسلام ماقۇل كۆرىدىغان، مەمنۇن بولىدىغان، يېرىمى جاھىلىيەت بولغان بىر شەيئى يوق. ئىسلامنىڭ كۆز قارىشى ئېنىقتۇر. ھەق كۆپ ئەمەس پەقەت بىردۇر. بۇ ھەقنىڭ سىرتىدىكىلەر بولسا ئازغۇنلۇقتۇر. ئىككىسىنىڭ بىر يەرگە كېلىشى بىر قازاندا قاينىشى مۇمكىن ئەمەس. يا ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولىدۇ يا جاھىلىيەتنىڭ، يا ئاللاھنىڭ شەرىئىتى يا ھاۋايى ھەۋەس. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەر بار:

[ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرىشىدىن ساقلانغىن.] سۈرە مائىدە 49 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن] سۈرە شۇرا 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ، ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ] سۈرە قەسەس 50- ئايەت.

[ ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. شۈبھىسىزكى، (ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ماسلىشىدىغان بولساڭ) ئۇلار سەندىن ئاللاھنىڭ (ئازابى)دىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ، شۈبھىسىزكى، (دۇنيادا) زالىملارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە دوستتۇر، ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر] سۈرە جاسىيە 18-19- ئايەتلەر.

[ ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار؟] سۈرە مائىدە 50- ئايەت.

بۇ، ئۈچىنچىسى بولمىغان ئىككى شەيئىدۇر. يا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھغا بويسۇنۇش، ياكى ھەۋەسكە ئەگىشىش، يا ئاللاھنىڭ ھۆكمى ياكى جاھىلىيەتنىڭ ... يا پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ نازىل قىلغىنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ياكى ئاللاھنىڭ نازىل قىلغىنىدىن يۈز ئۆرۈش... ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ كەسكىن ۋە ئېنىق ئىزاھتىن كېيىن ئەمدى تالاش ـ تارتىشقا، سۆزلەشكە ھاجەت يوق.

ئۇنداق بولسا، ئىسلامنىڭ ۋەزىپىسى، جاھىلىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدىن ئايرىش، بۇ ئىدارە قىلىشنى، مەخسۇس ئۇسۇل، مۇستەقىل شەكلى، ئەسلى خۇسۇسىيتىگە ئاساسلىنىپ ئىدارە قىلىشتۇر. بۇ توغرا ئىدارە قىلىشتىن مەقسەت: ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا قايتىش بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن ياخشىلىق، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىچىدىكى ھەمكارلىقتىن تۇغۇلغان قولايلىقنى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن تەلەپ قىلىش. بۇ ئىدارە قىلىشنى، مەخسۇس ئۇسۇل، مۇستەقىل ھەرىكەت ھالىتىدە ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خالىغان يۈكسەك بىر سەۋىيىگە ئۇلاشتۇرىدۇ. ھەۋەسلەرنىڭ ھۆكمىدىن قۇتقۇزىدۇ. ياكى ئىران قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى رۇستەمنىڭ رەبى ئىبنى ئامىردىن «سىزنى بۇ يەرگە كەلتۈرگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، بەرگەن جاۋابىغا ئوخشايدۇ: «خالىغاننى بەندىگە بەندە بولۇشتىن يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭرىچىلىكىگە، دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىزنى ئاللاھ ئەۋەتتى».

ئىسلام بۇرۇن ۋە ھازىر، شەرقتە ۋە غەربتە ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى، قانۇنلىرىنى، جەمئىيەتلىرىنى، ئەنئەنەلىرىنى ۋە ئادەتلىرىنى پەيدا بولغان ئازغۇنلۇقلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلمىدى. ئۇ پەقەت بۇلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن، تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىنسان ھاياتىنى ئۆزىگە خاس ئاساس ئۈستىگە قورۇش ئۈچۈن كەلگەن. ھاياتنى يېڭىدىن، يېپ ـ يېڭى بىر شەكىلدە، تامامەن ئۆزىدىن كېلىپ چىققان شەكىلدە قۇرۇش ئۈچۈن كەلدى. ئىنسانلارنىڭ جاھىلىيەتتە ياشىغان، ئىگە بولغان بەزى نۇقتىلار بىلەن، ئۇنىڭ بەزى نۇقتىلىرى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ، ئۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭدىن بىر پارچىمۇ ئەمەس. باشقا جەھەتلەردىكى بۇ ئوخشاشلىق پەقەتلا تەسادىپى بىر شەيئىدۇر. دەرەخنىڭ يىلتىزى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس. ئۇ، ئۆزىدىن ئاللاھنىڭ ھىكمىتىنىڭ چىققانلىقىنى، باشقىسى بولسا ئىنسانى ھەۋەسلەردىن چىققان بىر دەرەختۇر.

[مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز ـــ نەسھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر)، ناچار يەرنىڭ گىياسى ئاز ئۆسىدۇ (بۇ ۋەز ـ نەسھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)، شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز.] سۈرە ئەئراف 58- ئايەت.

جاھىلىيەت بۇرۇن نجىس ئىدى، ھازىرمۇ نجىس، كۆرۈنۈشتە ۋە شەكىلدە بۇ نجىسلىق پەرقلىق بولىدۇ. بىراق، ئاساسى مەنبەسى ئۆزگەرمەيدۇ. جاھالەتلىرىدىن، ئادالەتنى، ھەقنى، ياخشىلىقنى ئىنساننىڭ ئۆزى، سىنىپ ۋە مىللەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى يۇقىرى كۆرۈش كىبسەللىكىدىن قۇتۇلالمىغان جاھىللارنىڭ ھەۋەسلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى كېلىپ، بۇنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، پۈتۈن ئىنسانلىق ئۈچۈن ئىنسان جاھالىتى يۇقمىغان، ھەۋەسلىرى كىرلاشتۇرمىغان ھېچقانداق بىر گۇرۇپنىڭ پايدىسىغا مايىل بولمىغان بىر قانۇن تۈزۈشى لازىم.

ئاللاھنىڭ يولى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يولى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئەسلى پەرق تۈپەيلى، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر تۈزۈمدە بىر يەرگە كېلىشى، بىر ئاساستا بىرلىششى، يېرىمىنىڭ بىر تەرەپتە يەنە يېرىمىنىڭ باشقا بىر تەرەپتىن ئېلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈشنى ئەپۇ قىلمايدۇ. قانۇن ئۇسۇلى، يېنىدا باشقا بىر قانۇن ئۇسۇلىنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ئەينەن مۇشۇنداق ۋە چوقۇم مۇشۇنداق بىلىنىشى لازىم.

ئىسلامنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغاندا تىلىمىزنىڭ بوزۇلماسلىقى، تۇتۇلۇپ قالماسلىقى، ئىنسانلارنى شەك ـ شۈبھىگە چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتنى بىزنىڭ ئوبدان چۈشىنىشىمىز ۋە بىلىشىمىز لازىم. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا، ئىسلامنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى، ھاياتقا دائىر چۈشەنچىلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى جەزمەن بىلگەنگە قەدەر ئۇلارنى قويۇپ بەرمەسلىكىمىز لازىم. سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان بىر شەكىلدە تېخىمۇ ياخشىنى بېرىش، كۆز قاراشلىرىنى، سەۋىيەلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىنسان ھاياتىغا ئۇيغۇن تېخىمۇ ياخشى بىر ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىسلام ئۇلارنى ئۆزگەرتىدۇ. ئىچىدە ياشاۋاتقان جاھىلىيەت پەسكەشلىكلىرىدىن بىر نەرسە قالمايدۇ. ئىسلامى تۈزۈملەرگە ئوخشايدىغان بەزى ئۇنسۇرلار قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇلار ئۆز ئەينى قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھازىر ئەگەشكەن نجىس ۋە كىر جاھىلىيەت مەنبەلىرىدىن تامامەن باشقا ئۇلۇغ بىر مەنبەگە بويسۇنىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ، ئۇلارنى ئەمەلي ئىلىم ساھەسىدە ئىلگىرىلەشتىن توسمايدۇ. ئەكسىچە تېخىمۇ ئىلگىرىلەشكە ياردەم قىلىدۇ.

ئىنسانلار، ئىسلامنىڭ تۈرلۈك شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق ئىنسانى، ئىجتىمائىي بىر ئىدىئولوگىيە، ھەرقانداق بىر سىياسى تۈزۈم ئەمەسلىكىنى، ئىسلامنىڭ پەقەتلا ئىسلام ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنگە قەدەر ئۇلارنى قويۇپ بەرمەسلىكىمىز لازىم. ئىسلام مۇستەقىل كىشىلىك، چۈشەنچە، ئۇسۇللىرى بىلەن ئىنسانلىق ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانى ئىدىلوگىيەلەرنىڭ كۆرگەن چۈشىنىشىدىن كۆپ ياخشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئىسلام ئۇلۇغ، پاك، مۇۋاپىق ۋە گۈزەل بىر شەكىلدە ئۇلۇغ ئاللاھتىن توغرىدىن توغرا سادىر بولغان.

ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى مۇنداق چۈشەنگىنىمىزدە، بۇ چۈشەنچە بىزگە، ئىسلامى تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغىنىمىزدا ئۆزىمىز ئەگەشكەنىنىڭ ھەق، باشقىلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىش بىلەن قولغا كەلگىنىدەك كۈچ ۋە ئىشەنچى بېرىدۇ. ئىنسانلاردا بولغان يامان ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇرسەن قىلىدىغان شەيئىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ

خۇرسەنلىكى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ ئازغۇنلىقىنى بىلىپ، ھىدايەتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ خۇرسەنلىكى بىلەن ئاۋازىمىزنى چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئىسلامنى قەتئىي ئۇلاردىن مەخپىي تۇتمايمىز، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى، خاتا چۈشەنچىلىرىنى راۋاجلاندۇرمايمىز. ئۇلارغا ئوچۇق ئاشكارا بولىمىز: سىلەر ياشاۋاتقان جاھىلىيەت پاسكىنچىلىق ئىچىدە ۋە ئاللاھ سىلەرنى پاكىزلىماقچى بولىۋاتىدۇ. سىلەر ياشاۋاتقان ھايات تۆۋەن ھاياتتۇر. ئاللاھ سىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ. سىلەر ھايات كۆچۈرۈۋاتقان بۇ ۋەزىيەت يامانلىق، تارچىلىق ۋە قاتتىقچىلىقتىن ئىبارەت. ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلىشنى، رەھىم قىلىشنى، خۇرسەن قىلىشنى خالايدۇ. ئىسلام سىلەرنىڭ چۈشەنچىڭلارنى، ئەھۋاللىرىڭلارنى، مەرتىۋەڭلەرنى ئۆزگەرتىدۇ. ئىرىشكەن ۋاقتىڭلاردا شۇ ئاندىكى ياشىغان ھاياتىڭلارنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا بىر ھاياتقا، ئۇنى قولغا كەلتۈرگەندە يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدىكى ئەھۋالىڭلارنى ئاددى سانايدىغان يېڭى مەرتىۋەلەرگە بىر پۈتۈن يەر يۈزىدە ئىگە بولغان مەرتىۋەڭلەردىن سىلەرنى ۋاز كەچتۈرىدىغان يېڭى مەرتىۋەلەرگە ساھىب قىلىدۇ. سىلەر ياشاۋاتقان يامان ۋەزىيەت تۈپەيلى ئىسلامى ھاياتنىڭ ھەقىقى يۈزىنى كۆرەلمەيۋاتىسىلەر، چۈنكى، دۈشمەنلىرىڭلار، يەنى بۇ دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى، بۇ ھاياتنىڭ قۇرۇلماسلىقى، بۇ چۈشەنچىنىڭ بىر ۋۇجۇت بولماسلىقى ئۈچۈن بۈيۈك غەيرەت كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر بىز، قۇرئانىمىز، شەرىئىتىمىز، تارىخىمىز ۋە كەلگۈسىگە دائىر ھېچقانداق شۈبھىمىز بولمىغان چۈشەنچىمىز سايىسىدە بۇنى كۆڭۈلىرىمىزدە ئاشكارە بولغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز.

ئىنسانلارغا ئىسلامنى تەبلىغ قىلغاندا ئەنە شۇنداق ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، مەيلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، مەيلى ئىراندا، مەيلى بىزانستا ۋە ياكى باشقا بىر يەردە بولسۇن ئىسلام تۇنجى قېتىم ئىنسانلارغا مۇشۇ شەكىلدە خىتاب قىلغان.

ئىسلام ئۇلارغا كېسەل دەپ قارىدى. چۈنكى ئەمەلىيەت مۇشۇ ئىدى. ئۇلارغا سۆيگۈ بىلەن، مۇھەببەت بىلەن خىتاب قىلدى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ (ئىسلامنىڭ) ئالاھىدىلىكىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر خۇسۇسىيەتتۇر. ئىسلام شۈبھە ۋە تەرەددۇتقا ئورۇن قويمايدىغان بىر شەكىلدە ئۆزىنى كۆرسەتتى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىدى. ھېچقاچان «ئۇلارغا ھاياتلىرىڭىزنى، ئەھۋاللىرىڭىزنى، چۈشەنچىلىرىڭىزنى، مەرتىۋەلىرىڭىزنى ئاددى ئۆزگەرتىشنىڭ سىرتىدا قەتئىي چېقىلمايدىغانلىقىنى، ياكى ئۆزىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇن كۆرگەن تۈزۈم ۋە ئەھۋاللىرىغا ئوخشىغانلىقىنى ئېيتمىدى.

بۈگۈنكى كۈندە بەزىلەر ئىسلامنى تەبلىغ قىلغاندا بەزى «ئىسلام دېموكراتىيىسى» بەزى «ئىسلام سوتسىيالىزمى» بەزىدە دۇنيادا ھۆكۈمران بولغان ئىقتىسادى، سىياسىي ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ پەقەتلا «بەزى ئاددى تۈزۈملەرگە» ئېھتىياج بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئىسلامنىڭ ھەقىقى ئۆزىنى يوشۇرىۋاتىدۇ.

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە، يەر يۈزىگە تارقىغان بۇ جاھىلىيەتتىن، ئىسلامغا ئۆتۈش كەڭ ۋە ئۇزۇن بىر مۇددەتتۇر. ئىسلامى ھايات سىستېمى ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى

جاھىلىيەت ھايات سىستېمىلىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق، ئىنسانلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان بۇ بەختسىزلىك ئەھۋالى، تۈزۈملىرىنىڭ، ئەھۋاللىرىنىڭ تەتبىقلىنىشىدا ئىجرا قىلىنىدىغان كەمچىل ۋە ئاددى تۈزۈملەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ نىجات تېپىشى پەقەت بۇ كەڭ ۋە ئۇزۇن مۇددەتتە مەخلۇقلارنىڭ يولىدىن خالىقنىڭ يولىغا، ئىنسانى تۈزۈملەردىن ئىنساننىڭ رەببىنىڭ تۈزۈمىگە، بەندىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈش قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە بولىدۇ.

بۇ بىر ھەقىقەت. بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ھەقىقەت بولسا، ئۇنى ئۇچۇق بايان قىلىشىمىز، ئىنسانلارنى گۇمان ۋە تەررەددۇت ئىچىدە قويماسلىقىمىزدۇر.

دەسلەپكى قەدەمدە بۇنى ئىنسانلارنىڭ خالىماسلىقى مۇمكىن، ئۈركۈپ قېچىشى مۇمكىن. ئىسلامى دەۋەتنىڭ باشلانغان ئەۋۋەلقى مەزگىلدىمۇ بۇنى خالىمىغانىدى. ئۈركۈپ قاچقانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى تۆۋەن كۆرىشى، ئىلاھلىرىنى ئەيىپلىشى، مەرتىۋەلىرىنى ئىنكار قىلىشى، ئادەت ۋە ئەنئەنەلىرىدىن يىراقلىشىپ ئۆزى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن جاھىلىيەت تۈزۈمىدىن باشقىچە ھالەت، قىممەت ۋە ئەنئەنەلەر ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇلارنى قورقۇتقان، ئۈركۈتكەنىدى.

كېيىن قانداق بولدى؟ كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە خالىمىغان [يولۋاستىن ئۈركۈپ قاچقان ياۋايى ئېشەكلەرگە ئوخشايدۇ] سۈرە مۇددەسسىر 51 – 52 - ئايەتلەر.

ئايەتتە زىكىر قىلىنغاندەك ئۈركككەنلەر، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغانلار، قوللىرىدىكى پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان، مەككىدە ئاجىز ۋاقتىدا قاتتىق زۇلۇم قىلغان، مەدىنىدە كۈچلۈك بولغاندا ئۇرۇش قىلغان مۆمىنلەرنىڭ رەببىگە سىغىنىدى.

دەۋەت، ئەۋۋالقى مەزگىلدە بوگۈنكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ياخشى بىر ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. جاھىلىيەتچىلەر كۆرمەسلىككە سالاتتى. رەت قىلاتتى. ئۇستۇن ماقام ۋە يۇقىرى مەرتىۋە ساھىبلىرىدىن يىراق، مەككە ۋادىسى چېگراسى بىلەن چەكلىنەتتى. ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنياغا يات ئىدى. پۈتۈن غايەت مەقسەت مەقسەتلىرى بىلەن ئۇنى رەت قىلغان كۈچلۈك بۈيۈك مەقسەتلىرى بىلەن ئۇنى رەت قىلغان كۈچلۈك بۈيۈك ئىمپراتۇرلۇقلار بىلەن ئەتراپى ۋە قورشاقلىق ئىدى. پۈتۈنلەي شۇنداق بولسىمۇ بۈگۈنكىدەك ۋە كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدىغان كۈچلۈك ئىدى. ھېلىقى كۈچىنىڭ ئۇنسۇرلىرى بۇ ئەقىدىنىڭ شەكىللىنىشىدە يوشۇرۇن ئىدى. ئۈستىگە قۇرۇلغان قاتتىق ۋە ئۇچۇق ھەقىقەتتە ... كۈچكە ئۇزۇن مۇددەت قارشى تۇرۇش ئىمكانى بولمىغان تەبىئىي بولغان ئۇيغۇنلۇققا.. ئىنسانلىقنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، ئىلمى ۋە ئەقلى جەھەتتە ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىي قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كۈچى يوشۇرۇندۇر. جاھىلىيەتنىڭ پۈتۈن بىر ماددى كۈچكە قارشى تۇرۇشتا، يالغۇز بىرلا مەقسەتتىنمۇ بىر ھەرپىنى يوقاتماسلىقىدا، جاھىلىيەت ھەۋەسلىرىنى راۋاجلاندۇرماسلىقتا، ھېچنەرسىنى يوشۇرماسلىقتا، ئىسلامنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ياخشىلىق،

رەھمەت ۋە بەرىكەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندا بايان قىلغان ئىزاھلاردا يوشۇرۇندۇر. شۇنداقلا ئەڭ يامان، ئەڭ قىيىن شارائىتلاردا پائالىيەت قىلىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئىنسانلارنى ياراتقۇچى، ئۇلارنىڭ شەكىل قۇرۇلۇشىنى، قەلبلەرگە ئېچىلغان يوللارنى ئوچۇق ۋە كۆچلۈك شەكىلدە، ئاجىزلاشتۇرماستىن ھەقنىڭ چاقىرىقىغا قانداق ئاۋاز قوشۇدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئىنساننىڭ نەپسىدە، بىر ھاياتتىن باشقا بىر ھاياتقا كۆچۈش خۇسۇسىيىتى ۋە تەييارلىقى باردۇر. كۆپ ۋاقىتدا بۇ، ئۇنىڭغا جۈزئى بەزى تۈزۈتۈشلەردىن تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. بىر ھايات سىستېمىدىن باشقا بىر ھايات سىتىسىمىغا كۆچۈش جۈزئى كۆچۈشتىن يەنى ئاددى تۈزۈتۈشتىن تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ تولۇق ۋە تېخىمۇ پاك بولىدۇ. بۇ كۆچۈشنى قولغا كەلتۈرىدىغان بەزى ھەقىقەتلەر بار. ئىسلام تۈزۈمى پەقەتلا ئۇ يەردە بۇ يەردە بەزى كىچىك ۋە ئاددى ئۆزگەرتىش قىلىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتدا جاھىلى تۈزۈمدىن ئىسلامى تۈزۈمگە ئۆتۈشنىڭ سەۋەبىرى نېمە؟ ئىجرا قىلىنىۋاتقان تۈزۈمنىڭ ساقلىنىپ قىلىشى ئەقىلگە تېخىمۇ ئۇيغۇندۇر. چۈنكى ئۇمۇ مەۋجۇت بولغان بىر تۈزۈمدۇر. ئۆزگەرتىلىشى، تۈزۈلۈشى مۇمكىندۇر. نۇرغۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشاپ كەتكىنىگە قارىغاندا بۇنىڭ ئەمەلدىن قىلىشىغا، ئىجرا قىلىنمىغان ۋە تەتبىقلانمىغان تۈزۈمگە كۆچۈشكە كىرەك يوقتۇر.

ئىسلام ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغاندا خۇددى تۆھمەت ئاستىدا قېلىپ، بۇ تۆھمەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلغان بەزى ئىنسانلارنى كۆرىمىز. بۇ خىل غەيرەتلەردىن بىرى بولسا، يېڭى تۈزۈملەر ئوتتۇرىغا قويغان بەزى شەيئىلەرنى ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى، بۇ ئەھۋالنىڭ ئىسلام ئۈچۈن بىر كەمچىلىك، بىر ئەيىپ دەپ تونىغانلارغا قارشى ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەدەنىيەتنىڭ 1400 يىل كېيىن ئوتتۇرىغا قويغىنىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر.

نېمە دېگەن بەختسىز، نېمە دېگەن يامان بىر قوغدىنىش.

ئىسلام جاھىلى تۈزۈملەردىن ۋە ئۇلاردىن كېلىپ چىققان خاتا تەتبىقلاشنى سەۋەب كۆرمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان، روھلىرىنى مەغلۇب قىلغان بۇ مەدەنىيەتلەر، جاھىلىيەت تۈزۈملىرىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئىسلام بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلار كەمتۈك، تۆۋەن ئەيىلىك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە ياشىغان خەلقنىڭ ئەھۋالىنىڭ «ئىسلام ئۆلكىسى» ياكى «ئىسلام دۇنياسى» دەپ ئاتالغان يەرلەردە ياشىغانلاردىن تېخىمۇ ياخشى بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پايدا مەنپەئەت يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يامان ئەھۋالغا چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئىسلامنى تەركى قىلغانلىقىدىن. ئىسلام ئۆزىنى ئىنسانلارغا تەقدىم قىلغاندا مۇشۇ دەلىلغا ئاساسلىنىدۇ. ئۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۇلاردىن تېخىمۇ ياخشى. ئۇ تۈزۈملەرنى ئورنۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزگەرتىش، مەدەنىيەت قىياپىتىگە ئورنىنىۋالغان بۇ لاي دەرياسىدا پۇچۇلانغانلارنى قۇتلاش ئۈچۈن ئەمەس. بۇ ئەھۋالدىن ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن.

ئەجرا قىلىنىۋاتقان بەزى تۈزۈم، ئىدىئولوگىيە ۋە پىكىرلەرنىڭ ئىسلامغا ئوخشاپ كېتىشى بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ كەلمىسۇن. شەرقتىكى ۋە غەربتىكى بۇ تۈزۈملەرنى رەت قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىمىز. چۈنكى ئىسلام ئىنسانلىقنى ئېلىپ كەلمەكچى بولغان تۈزۈملەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇلار ئارقىدا قالغان تۈزۈملەردۇر.

ئىنسانلارغا بۇ ھەقىقەت بىلەن خىتاب قىلغاندا تەبىئەتلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا بىر چۈشەنچىدىن باشقا يەنە بىر چۈشەنچىگە، بىر ھالەتتىن باشقا يەنە بىر ھالەتكە ئۆتۈشنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئومۇمى ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ ئەقىدىۋى بىر ئاساسنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىمىز. ئۇلارغا مۇنداق خىتاب قىلىشاق قايىل بولىدىغان بىر دەلىل كەلتۈرمەيمىز. ئەمەلىيەتتە بار بولغان بىر تۈزۈمدىن، ئەجرا قىلىنمىغان، پەقەت ئەجرا قىلىۋاتقان سىستېمىنى ئازراق ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولىدىغان باشقا بىر تۈزۈمگە كېلىڭ. بۇنىڭ دەلىلى مۇشۇ. سىز بۇ ھەقتە ئۇنىڭ قىلغىنىدەك قىلىۋاتىسىز. ئۇ سىزدىن ئادەتلىرىڭىزنىڭ، ئەجرا قىلىشىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزگەرتىشىڭىزنى خالايدۇ. بۇ ھەقتە سىزچە كۆپ قىممەتلىك بولغانلار بولغىنىدەك قالىدۇ. ئۇلارغا ئازراقمۇ دەخلى تەئەررۇز يەتمەيدۇ.

كۆرۈنۈشتە ئاسان كۆرۈنگىنى بۇ، ئەمما ئىشنىڭ ئەسلى ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئەمەلىيەت بۇنىڭدىن پەرقلىق. ھەقىقەت، ئىسلامنىڭ چۈشەنچىلىرى، تۇيغۇلىرى، تۈزۈم ۋە خۇسۇسىيەتلىرى، قانۇنلىرى، نىزاملىرى ئىنسانلارنىڭ ياشاۋاتقان جاھىلىيەت ھاياتىنى، جاھىلىيەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى قالمايدىغان بىر شەكىلدە يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىشتۇر. يېتەرلىك بولغىنى شۇكى، ئۇلارنى بەندىگە بەندە بولۇشتىن پەقەتلا ئاللاھقا بەندە بولۇشقا ھەم ئاساسلىق ھەم خۇسۇسى ئۆتۈشنى ھازىرلىشىدۇر.

[خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن] سۈرە كەھف 29 ـ ئايەت.

[كىم ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر] سۈرە ئال ئىمران 97 ـ ئايەت.

مەسىلە، كاپىرلىق، ئىمان، شېرىك، تەۋھىد، جاھىلىيەت، ئىسلام مەسىلىسىدۇر. ئوچۇق بولۇشى لازىم بولغان ئەھۋال بۇ. جاھىلىيەت ھاياتىدا ياشىغان ئىنسانلار، داۋا قىلغىنىدەك مۇسۇلمان ئەمەس. ئەگەر ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى ياكى باشقىلارنى ئالدىماقچى بولغان، ئىسلامنىڭ بۇ جاھىلىيەت بىلەن بىرگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بىر كىشى بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى مەۋجۇت بولغان ئەمەلىيەتتىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ ئىسلاممۇ ئەمەس. ئۇلار مۇسۇلمانمۇ ئەمەس. بۈگۈنكى دەۋەت، ئۇ جاھىللارنىڭ ئىسلامغا قايتىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا بولىدۇ.

بىز ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، بۇنىڭدىن بىرەر مەنپەت ئېلىش، يەر يۈزىدە بىر مەرتىۋىگە ئېرىشىش، ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئۆزىمىز ئۈچۈن مەخسۇس بىر شەيئى تەلەپ قىلىش ئەمەس، بىز ھېسابىمىزنى ئىنسانلارغا بېرىپ، مۇكاپاتىمىزنى ئۇلاردىن ئالماقچى ئەمەس. ئۇلار بىزگە قانچىلىك ئەزىيەت، زۇلۇم قىلسىمۇ، ئۇلارنى سۆيىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى

خالىغىنىمىز ئۈچۈن بىز ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمىز. چۈنكى بۇ ئىسلام دەۋەتچىسىنىڭ خاراكتېرىدۇر. بۇ دەۋەتچىنىڭ ئاساسىدۇر. كېيىن ئۇلار بىزدىن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى، بىز ئۇلار بىلەن تەن بەرگەن چەكسىز ياخشىلىقنىڭ مۇقابىلىدە ئىسلامنىڭ تەلەپ قىلغان ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگىنىش لازىم. ئىچىدە ياشاۋاتقان جاھىلىيەتلەرنىڭ ھەقىقىتىگە دائىر كۆز قارىشىمىز نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. جاھىلىيەت ئىسلامدىن بىر شەيئى ئەمەس. ئۇ شەرىئەت بولمىغان مۇددەت ئىچىدە ھەۋەستۇر. ئۇ ھەق بولمىغان مۇددەت ئىچىدە ئازغۇنلۇقتۇر. ھەقنىڭ سىرتىدا ئازغۇنلۇقتىن باشقا نېمە بولىدۇ؟!

دىنىمىزدا بىز خىجىل بولىدىغان، قوغداشتا قىيىنچىلىقا ئۇچرايدىغان، ئىنسانلاردىن مەخپى تۇتىدىغان، ھەقىقەتنىڭ ئەكسىچە ئۇچۇق سۆزلەشتىن تارتىنىپ قالىدىغان بىر شەيئى يوق. غەرب ئالدىدا، شەرق ئالدىدا، جاھىلىيەت گۇرۇھلىرى ئالدىدا ئۇچرىغان پىسخىك بۇزۇقلۇق بەزى مۇسۇلمان ئىنسانلارنى يېڭى تۈزۈملەرنىڭ كەم يەرلىرىنى ئىسلامغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا، بەزى مەسىلىلەردە جاھىل مەدەنىيەتنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر يېقىنلىق ئورنىتىشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى مۇداپىئە قىلىشقا، سەۋەب تېپىشقا، ئۆزرە ئېيتىشقا موھتاج بولسا، ئۇ كىشى ئىسلامنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغان بولمايدۇ. بىر ـ بىرىگە زىت شەيئىلەر بىلەن، كەمتۈكلۈك بىلەن ئەيىپلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن مۇشۇنداق جاھىلىيەت ھاياتىدا ياشىغان كىشىدۇر. جاھىلىيەت ئۈچۈن لازىملىق سەۋەب تېپىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەسلى سەۋەب تېپىشى لازىم بولغانلار ئىسلامغا ھۇجۇم قىلغانلاردۇر. ئۇنىڭ قۇغدىلىنىپ قوغدىنىلمىغانلىقى ھەقىقەتتىدىن خەۋەرسىز بەزى مۇناسىۋەتلەرنى مەجبۇرلىغانلاردۇر.

مەن ئامېرىكىدا تۇرىۋاتقان يىللاردا، بىز ئاز ساندىكى مۇسۇلمان ئىدۇق. قارشى چىققان كىشىلەر ئالدىدا بەزىلىرىمىز مۇداپىئە قىلىش تەرىپىگە ئۆتتى. مەن بولسام ئەكسىچە، مەيلى بۇزۇق دىنى ئېتىقادىدا بولسا، مەيلى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى، ئەخلاقى جەھەتلەردە بولسۇن غەرب جاھىلىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش تەرىپىگە ئۆتەتتىم. تەسلىم، تۈنجى گۇناھ ۋە بۇنىڭ مۇقابىلىدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى پىدا قىلىش چۈشەنچىسى، ئەقىل مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسىلەردۇر. بازارنى كونترول قىلىش، جازانە، پۇتۇن قارا يۈزى بىلەن كاپىتالىزم... پەقەت قانۇننىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قىلىنغان ئىجتىمائىي ياردەملىشىشنى يوق قىلىدىغان شەخسىيەتچىلىك... قۇرۇق ماددى ھايات چۈشەنچىسى... ئەر ـ ئاياللىنىڭ بىر يەردە ياشاش ئەركىنلىكى دېيىلگەن ھايۋانى ئەركىنلىك... «ئاياللار ئەركىنلىكى» دەپ ئاتالغان قۇل بازىرى... توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش سىستېمىسىدىكى ھايات ئەمەلىيىتىگە زىت قىيىن ۋە مەجبۇرى ئىجرا قىلىشلار... شۇنداق پەسكەش ۋە تۆگمەيدىغان ئىرىقچىلىق. ئۇندىن كېيىن شۇلارنى قوشۇمچە قىلاتتىم: ئىسلامدا بار بولغان مەنتىق، ئۇلۇغلۇق، ئىنسانلىق، خۇشچىراي، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ

قىلغان ھازىرغا قەدەر يېتەلمىگەن ئۆپۇقلار، ئەينى زاماندا ئەسلى ھاياتقا يۈزلۈنۈپ، ئۇنى ساغلام، ئىنسانى ئاساسلارغا كۆرە قىلىنىشى ئىدى.

ئەنە غەرب ھاياتىدا بىز كۆرگەن ھەقىقەتلەر... بۇلار ئىسلامنىڭ نۇرى بىلەن قارىغاندا مەنسۇب بولغانلارنى خىجىل قىلىدىغان ھەقىقەتلەردۇر. جاھىلىيەت ئىچىدە ياشىغان بۇ بۇراپ كەتكەن ئەھۋال ئالدىدا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدىغان بەزى ئىنسانلار مەغلۇب بولىۋاتىدۇ. شۇنچىلىككى غەربنىڭ ھالىدىن كەتكەن چارىسىز تۈزۈم ۋە شەرقنىڭ قورقۇنچلۇق ماددىچى تۈزۈمى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق تېپىشقا ئۇرۇناتتى.

پۈتۈن بۇ ئىزاھلاردىن كېيىن، جاھىلىيەتنىڭ بىزگە بولغان بېسىمى قانچىلىك بولسا بولسۇن ئىسلامنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغاندا بىزلەر ئۇنىڭ ھېچقانداق چۈشەنچىسى ئەھۋالى ۋە ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتىمىز يوقلىقىنى ئېيتىش مەجبۇرىيىتىدە ئەمەس.

بىرىنچى ۋەزىپىمىز: جاھىلىيەت ئورنىغا ئىسلام چۈشەنچىسى ۋە ئەنئەنىسىنى سىڭدۈرۈشتۇر. بەزىلەر بۇ يولنىڭ باشلانغۇچىدا جاھىلىيەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، بىرگە مېڭىش بىلەن ئاندىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشىدا بۇزغۇنلۇق ۋە مەغلۇبىيەتنى ئېلان قىلغانلىقتۇر.

ھۆكۈمران ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەرنىڭ، كەڭ دائىرىدىكى ئىجتىمائىي ئەنئەنىلەرنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئاياللار مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندا قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋال پەيدا بولىدۇ. بۇ جاھىلىيەت مۇھىتىدا مۇسۇلمان ئايال قاتتىق ۋە قەتئىي بىر بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. ئەمما بۇنىڭ دىن بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. ئەڭ ئاۋۋال ساباتلىق بولىشىمىز، ئۇندىن كېيىن يۈكسىلىشىمىز لازىم. بىز ئارزۇ قىلغان ئىسلامى ھاياتنىڭ يۈكسەك ئۆپۇقلىرى بىلەن جاھىلىيەت ھاياتى سېلىشتۇرۇلغاندا جاھىلىيەتنىڭ ئىچىدىكى پەسكەشلىكنى كۆرىشىمىز لازىم.

بۇ جاھىلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىمىزنى ئۈزۈپ بىر تەرەپتە تۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغىنىدەك، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى قەدەملەرنى تاشلاش بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. قەتئىي! ... بۇ، ھاياتقا ئارلىشىپ ئۆزىمىزنى قوغداپ، سودا ـ سېتىق قىلىپ، سۆيگۈ بىلەن ھەقنى سۆزلەش بىلەن، كەمتەرلىك ئىچىدە ئىمان بىلەن يۈكسىلىپ ئەمەلگە ئاشىدۇ. پۈتۈن بۇلاردىن كېيىن شۇ ھەقىقەتنىمۇ كۆرىشىمىز لازىمكى: بىز جاھىلىيەت مۇھىتىدا ياشاۋاتىمىز، ئەمما مۇتلەق توغرا بىر يولغا ئىگىمىز.

جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا ئۆتۈشنى قولغا كەلتۈرگەن جەريان ئۈزۈن بىر جەرياندۇر. بۇ جەريان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۈستىدە ئۇچرىشىدىغان بىر كۆۋرۈك ئەمەس. جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئىسلامغا ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرىدىغان بىر كۆۋرۈكتۇر. ئۇلار مەيلى ئىسلام ئۆلكىسى دەپ ئاتالغان يەرلەردە ياشىغان ۋە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ھېسابلىغانلار بولسۇن، مەيلى ئىسلام ئۆلكىسىنىڭ سىرتىدا ياشىغان، زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىشنى، ئىچىدىكى يامان ئىللەتتىن قۇرتۇلۇشنى، بىز ئىسلامنى

تونۇغانلارنىڭ تېتىغان ۋە ياشاشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ياخشىلىق بىلەن نېمەتدار بولۇشقا غەيرەت قىلىۋاتقان جاھىلىيەت ئەھلى بولسۇن، ئوخشاشتۇر.

ئۇنداق بولمىسا ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئېيتىشنى ئەمرى قىلغىنىنى ئېيتىمىز [سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن مېنىڭ دىنىمى ئۆزەم ئۈچۈن] سۈرە كافىرۇن 6- ئايەت.

## ئىماننىڭ غالىبلىقى

[(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر] سۈرە ئال ئىمران 139- ئايەت.

بۇ ئىلاھى كەلىمىدىن ئېرىشىدىغان بىرىنچى ئىلھام، دەل ئۇرۇش مەيدانىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەسۋىرىدۇر. بىراق بۇ ئايەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقى مەنىسى ۋە بۇ ئايەت چېتىشلىق بولغان ساھەلەر بۇ مەنزىرە ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مەيداندىن تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇردۇر.

بۇ ئايەت بىر مۆمىننىڭ بارلىق ۋەقەت، بارلىق قىممەت، بارلىق ئىنسانلارغا بولغان ھېسسىياتىنى تونۇشقا ۋە ئۇلارغا باھا بەرگەندە باشتىن ـ ئاخىر ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىر مەيدان ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

بۇ ئايەت ئاشۇ مۇسۇلماننىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتىشقا تېگىشلىك ھەربىر شەيئىنى، ھەربىر ۋەقە، ھەربىر ئادەمگە تۇتقان غالىبانە تەبىئىتىنى، شۇنداق ئىمان ۋە ئۇنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن بارلىق ئىمان بۇلىقىنى سىرتىدىن كەلگەن قىممەت قارىشىدىن ھالقىپ چۈشىدىغان تەبىئىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئاشۇ ئىمان: يولىدىن چەتنىگەن كۈچلەردىن، ئىمان بۇلىقىنى مەنبە قىلمىغان قىممەتتىن، ئىمان بىلەن تىكلەنمەي كىشىلەر تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئەنئەنىلەردىن، ئىمان بىلەن تۈزۈلمەي ئادەملەر تۈزگەن قانۇندىن، ئىمان بىلەن تىكلەنمىگەن ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن مەڭگۈ غالىب.

بۇ غالىبلىق گەرچە كۈچى ئاجىز، ئادىمى ئاز، مەبلىغى كەمچىل بولسىمۇ بىراق ئۇ خۇددى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزىدە ئاللىقاچان مۇجەسسەملەپ بولغاندەك يەنىلا غالىب.

بۇ غالىبلىق زور كۈچ ئالدىدا باش ئەگمەيدۇ. قاملاشمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ۋە قانۇنلار ئالدىدا تەۋەرنمەي كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان، بىراق ئىماننى ئاساس قىلمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئالدىدا ئىككىللەنمەيدۇ.

جىھادتىكى زىچ ئىتتىپاقلىق ۋە قەتئىي تەۋرەنمەسلىك بولسا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىلاھى كۆرسەتمىلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن غالىبانە كۆرەشلەر ئارىسىدىكى بىر خىل مەنزىرىدىن ئىبارەت.

بۇ خىل ئىماننىڭ غالىبلىقى قابىلىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى ئەمەس. جاسارەتتىمۇ ئەمەس. قايناۋاتقان قىزغىنلىق تېخىمۇ ئەمەس. بەلكى كائىنات ماھىيىتىگە يوشۇرۇنغان، مەڭگۈلۈك

ھەقىقەتكە قوۋۇلغان شۇنداق غالىبلىقتۇر. بۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دۇنيا كىشىلىرىنىڭ لۆگىكىسىنى، ئاللاھىدە مۇھىت ئاستىدىكى ئىدىيە ئېڭى، بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ دوراملىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ئادەتلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىمان مەڭگۈ ئۆلمەس ئاللاھ بىلەن زىچ بىرىككەن.

ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىقاتقان لوگىكىسى، ھەممە ئىتىراپ قىلغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بار. ئۇلار ئاشۇ مۇستەھكەم قالقان بىلەن قوغدانماي مەزمۇت تۆۋرۈككە يۆلەنمەي، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلارغا نىسبەتەن ھەممىنى بىتچىت قىلىدىغان تەھدىت ۋە بېسىم پەيدا قىلىدۇ. كەڭ ئېتقاتقان قاراش ۋە ئىدىيەنىڭ ئۆزىنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى بار. ئەگەر مۇستەھكەم بىر ھەقىقەتكە يۈت تىكلىمەي، ئۇنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئاشۇ خىل ئېتىقاد، ئىدىيىلەرنى كەمسىتمىسە بۇ خىل قاراش، ئىدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبەدىن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ كۈچلۈك بىر مەنبەدىن ياردەم تەلەپ قىلمىسا ئۇنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچىدىن قۇتۇلۇش ناھايىتى تەس بولىدۇ.

جەمئىيەتتە ئەگەر بىر ئادەم دۇنيا كىشىلىرىدىنمۇ كۈچلۈك، زېمىندىنمۇ مۇستەھكەم، ھاياتتىنمۇ قىممەتلىك بولغان بىر تۆۋرۈككە يۆلەنمىسە ئۇنداقتا ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەرخىل لوگىكا، ئۆرپ ـ ئادەت، قىممەت قارىشى، ئىدىيە ئاڭ، ھەۋەس، ئىنتىلىشلەر ئالدىدا يولغۇزلۇق ۋە ئاجىزلىق ھېس قىلىدۇ. بىراق ئاللاھ بىر مۇسۇلماننى بۇ بېسىملارغا يالغۇز قارشى تۇرۇشتىن، مەيۈسلۈك قىلىپ، قايغۇ ئۇنى زەئىپلەشتۈرۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھمۇ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

[(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر]سۈرە ئال ئىمران 139- ئايەت.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى دەل مۇشۇ قايغۇ، مەيۈسلۈكنى ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر. قايغۇ ۋە مەيۈسلۈك ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدا دائىما مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر پسىخىكىلىق ھېسسىيات، بۇ ئايەت بۇ قېيىن مەسىلىنى پەقەت سەۋر ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئەمەس بەلكى ئېتىقادنىڭ غالىبلىقى بىلەن ھەل قىلغان، بۇ خىل غالىبلىق يىراقنى كۆرەرلىك، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ۋەھشى كۈچلەرگە، ئېتقاتقان قىممەت قارىشىغا، ئىدىيە ـ ئاڭغا، ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە ئازغۇنلۇق ئىچىدە قايمۇقۇپ قالغانلارغا زەربە بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ مۆمىن ئەڭ غالىب، مەيلى ئۇ تايىنىدىغان تۆۋرۈكتىن، ياكى ئۇ سۇ ئىچىدىغان بۇلاقتىن ئېلىپ ئېيتايلى، ئۇ ئەڭ غالىبتۇركىن بۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. راست، ئۇ نېمىگە ئەرزىيتتى؟ كىشىلەر يەنە نېمە قىلالايتتى؟ كىشىلەر ئارىسىدا ئېتقاتقان ئەنئەنىلەرنىڭ يەنە قانداق چارىسى بار ئىدى؟ بىر مۆمىن ئاللاھتىن كۆرسەتمە قوبۇل قىلىپ، ئاللاھقا يۈلىنىپ، ئاللاھ يولىدا ئالغا باسقان چېغىدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىگە ئەرزىيتتى؟ ئۇنىڭ كائىناتتىكى مەۋجۇتلۇقىغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە دۇنيا قارىشى ئەڭ ئىلغار.

ئىسلام ئېلىپ كەلگەن بۇ خىل ئاللاھقا بولغان بىردىنبىر ئېتىقاد، كائىناتنىڭ ئاقىۋەت ۋە ھەقىقىتىنى تونۇشتىكى ئەڭ مۇكەممەل شەكىل، بىز بۇ خىل ئېتىقاد بىلەن دۇنيادىكى تاغدەك دۆلىنىپ كەتكەن دۇنيا قاراش، ئەقىدە مەزھەبلىرىنى سېلىشتۇرغان ۋاقتىمىزدا بىز ئۇلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى پەلسەپىسىدىن كەلگەن بولسۇن ياكى بۇدقا چوقۇنۇش ئەقىدىلىرى ۋە بۇرمىلىنىۋېتىلگەن ئىلاھى ئايەتلەر (ئىنجىل، تەۋرات) ياكى ماتېرىيالىزىم تەلىماتلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى مەنبە قىلغان بولسۇن، بىز بۇ نۇرلۇق، ئىخچام، ماس، مۇكەممەل ئېتىقادقا ئاشۇ كىشىلەر تۈزگەن ئىدىيە چىرىندىلىرى ۋە سەپسەتىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ۋاقتىمىزدا، خۇددى سىز ئۇنى ئىلگىرى تونۇپ باقمىغاندەك ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلىقى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن كىشى ئاندىن غالىبتۇر، تەڭداشسىزدۇر.

ئۇنىڭ، ھاياتىنى، بارلىق ۋەقە ۋە ئادەملەرنى ئۆلچەشتىكى ئۆلچىمى ئەڭ ئىلغار. ئۇنىڭ ئېتىقادى ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە بولغان تونۇشىدىن كەلگەن، كىچىككىنە يەر شارىدىن ئەمەس. بەلكى كائىنات ئالىمىدە مەۋجۇت بولغان تونۇشىدىن كەلگەن، تەبىئىيكى بۇ خىل ئېتىقاد مۆمىنگە ھېلىقى رەڭگارەڭ كىشىلەر ئۆزى پەيدا قىلغان قىممەت قارىشىدىن تېخىمۇ ئەۋزەل، تېخىمۇ مۇقىم قىممەت قارشى ئاتا قىلىدۇ.

چۈنكى ئادەتتىكى كىشىلەر پەقەت كۆز ئالدىدىكى نەرسىنىلا بىلىدۇ. ئوخشاش دەۋردىكى كىشىلەرمۇ بىر ئورتاق نىشاندا چىڭ تۇرالمايدۇ. ھەتتا بىر مىللەت ئىچىدىمۇ ئوخشاش، بىر شەخسنىڭ روھى دۇنياسىدا ئۇنىڭ ئۆلچىمى بىر مەزگىلدىن يەنە بىر مەزگىلگىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئەخلاقى، تەبىئىتى، قەلب ـ ھېسسىيات ئەڭ ئالىي بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى ۋە ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە بولغان ئالىيجانابلىق، يۈكسەكلىك، پاكلىق، ئەيمىنىشتەك يۈكسەك تونۇشلار ئۇنى پايدىلىق خىزمەتلەرگە ۋە ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى ۋەكالەتچىلىك ئورنىنى ھەققانى يوسۇندا ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرەتكە بولغان ئىمانى ئېلىپ كەلگەن ئىلھامنى سۆزلەش تېخىمۇ ھاجەتسىز، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى، مۇكاپاتى ئالدىدا ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قۇرۇق قول قايتقان، دۇنيادىكى تۇرمۇشتا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، دۇنيادىكى جاپا، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. مۆمىننىڭ قەلبى ئاللىقاچان تىپ ـ تېنچ، خاتىرجەم بولغان بولىدۇ.

ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ئەڭ ئىلغار، بىر مۆمىن ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى قانۇنلىرىغا ئىبرەت نەزەرى بىلەن قاراپ باقىدىغان بولسا ھەم ئۇنى ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرسا، ئادەملەر تۈزگەن قانۇنلار خۇددى باللارنىڭ ئويۇنىدەك بىر ئىش. قارىغۇلارچە ئىزلىنىش ئىكەنلىكىنى، ئىسلامنىڭ بولسا پىشقان، مۇكەممەل قانۇن ـ تۈزۈم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ يىراقنى كۆرەرلىك، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە مېھرى ـ شەپقەت بىلەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغان، يولدىن ئازغان، بەختسىز ھالدا ياشاۋاتقان ئىنسانىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ. ئۇنىڭ

(مۆمىنىنىڭ) ئىچكى قەلبى دۇنياسى پەقەت بەختسىزلىك ۋە باتىلىلىق ھالقىغان غالىبلىق ئىچىدىدۇر.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار قاراش بىلەن، پەسكەشلەر ئىچىدىكى جاھالەتچى قەغەز يولۋاسلارغا ۋە كىشىلەرنى قۇل قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلەرگە مۇئامىلە قىلاتتى. جاھالەت ھەرگىزمۇ چەكلىك ئالاھىدە دەۋر ئەمەس. بەلكى مەيلى ئىلگىرى ياكى بۈگۈن ۋە ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، جەمئىيەت، ئىسلام يولىدىن ئايرىلىدىكەن تەكرار مەيدانغا كېلىدىغان چىرىك، قالاق ھادىسىدىن ئىبارەت.

مەشھۇر پارس گېنىرالى رۇستەمنىڭ بارگاھىدا جاھالەت ئىدىيە، قىممەت قارىشى ۋە تۈزۈمگە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىنغان، ئەبى ئۇسمان رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بارگاھنىڭ ئەگمە ئىشىكىدىن ئۆتۈپ پارس كىشىلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇلار ئۇنىڭغا ئورۇن بىكارلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇستەمنى تەكلىپ بىلەن چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. پارسلار ئۆزىنىڭ ئاجىز ماھىيىتىنى يۆگەش ئۈچۈن ھەيۋەتلىك ھەربىي كورەك ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

كىرگەن ۋاقتىتا ئۇلار قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ بېشىغا تاج ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، گېنىرالنىڭ تەختىدىن 300، 400 قەدەمدەك يىراقلىقىقچە يەرگە پارس گېلىمى سالغان ئىدى. ئەلچى پەقەت گېلەمدىن مېڭىپ ئۆتكەندىلا رۇستەمنىڭ ئالدىغا بارالايتتى. ئۇ ۋاقىتتا تۆت تال چاچنى قالدۇرۇپ، ئۇدۇل مېڭىپ گېنىرالنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. ھەم ئۇنىڭ ياستۇقىغا يۆلەندى. پارسلىقلار بۇنى كۆرۈپ ئالاقىزادە بولۇشۇپ سەكرەپ بېرىپ ئۇنى ئۇياق بۇياققا تارتىشىپ يىقىتتى. ئۇ مۇنداق دەپ توۋلىدى: «مەن ئەسلى سىلەرنى كەڭ قورساق مىللەت دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، بىراق بۈگۈن سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمەقلەر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدىم، بىز ئەرەبلەر ھەممىمىز باپ ـ باراۋەر، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئارىسىدا بىر قىسىملار يەنە بىر قىسىملارنى قۇل قىلىۋالىدىغانلار يوق، پەقەت ئارىمىزدا ئۇرۇش بولمىسىلا، مەن ئەسلىدە سىلەرنى بىزگە ئوخشاش ئۆز خەلقىگە ئادىللىق قىلىدۇ دەپ ئويلايتتىم، بىراق... ئەڭ ياخشىسى سىلەر مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بەزىڭلارنىڭ يەنە بەزىڭلارغا ھۆكۈمران ئىكەنلىكىڭلارنى ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويساڭلار بوپتىكەن. بۇ خىل قۇل قىلىش سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەرگىز ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. بىز مەڭگۈ سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلاردىن ئۆگەنمەيمىز. بۈگۈن سىلەن مېنى تەكلىپ قىلغان، مەن ئۆزەم كەلمىگەن، مەن سىلەرنىڭ ھەربىي مەركىزىڭلارنىڭ تارقاق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، سىلەر مۇقەررەر مەغلۇب بولىسىلەر، چۈنكى دانا ھۆكۈمران بۇ خىل جىنايەت ئاساسىغا، بۇنداق قۇرۇلمايدۇ».

قادىسىيە ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى رۇستەم ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا يۇقىرىقىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان ئىدى.

قادىسىيە ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى سەئد ئىبنى ۋەققاس، رەبىيئەتىبنى ئامىدىن، ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قىلىپ پارس گېنىرالى رۇستەم بىلەن كۆرۈشكىلى ئەۋەتىدۇ. ئۇ يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا پارسلارنىڭ تەختى يىپەك ياستۇق، گىلەم ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملار بىلەن چىرايلىق قىلىپ بېزەلگەن ئىدى.

قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملار كۆزنى قاماشتۇراتتى. تەختىگە ئالتۇن تاج قويۇلغان ئىدى. رۇستەم ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن كارۋاتتا ئولتۇراتتى. ئۈستىگە ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، بىر ئۇرۇق ئاتقا مىنىپ كەلگەن ئىدى. ئات مېڭىپ گىلەمنىڭ بىر بۇررجىكىگە دەسسىگەندە ئاندىن ئاتنى بىر قانچە ياستۇققا باغلاپ قويدى. قولىدا قورال، ئۇچىسىدا ساۋۇت پېتى رۇستەم بىلەن كۆرەشكىلى ماڭدى. قاراۋۇل ئۇنىڭغا «قورالىڭنى قويۇپ قوي» دېدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ «مەن ئۆزەمچەككە كەلمىگەن، بەلكى سىلەر تەكلىپ قىلغان، سىلەر ماڭا ئارلىشۋالماڭلار، بولمىسا مەن قايتىپ كېتىمەن» دېدى. رۇستەم ئۇنى ئاڭلاپ ئۇنى كىرگۈزۈشكە بۇيرىدى. ئۇ قولىدىكى ئۇزۇن نەيزىنى گىلەمگە سانجىپ تايىنىپ ماڭدى. رۇستەم: «سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭلار نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ «ئاللاھ بىزنى ئەۋەتتى، بىز ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزگە ئوخشاشلارغا چوقۇنۇشتىن ئاللاھقا بولغان بىردىنبىر چوقۇنۇشقا ئازاد قىلىمىز. بۇ دۇنيانىڭ بەختسىزلىكىدىن ئىككى دۇنيالىق تۇرمۇشنىڭ بەختىگە، ھەرخىل دىنىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە باشلايمىز» دېدى.

ئالەم شۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىراق زادى قانچىلىك ئىلگىرىلىدۇق؟ ھازىرقى مۇسۇلمانلار ماددىي كۈچىنىڭ ئالدىدا بويسۇنغۇچىنىڭ قىپ ـ يالىڭاچ قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى نامايەن قىلىپ قويدى.

ئۇنداقتا بىز ئۇلارنىڭ ھەممىدىن غالىب ئىكەنلىكىنى سەمىگە سېلىپ قويىشىمىز كېرەك ئىدى. بىر مۆمىن بولغان كىشى يىراقنى كۆرگەن بولۇپ، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىگە مۇئامىلە قىلىدۇ. جاھالەتنىڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بىر دەۋر ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئىماننىڭ بولسا زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ماڭىدىغان غالىبانە ھادىسە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك. ئىماننىڭ زەپەر قۇچىشى ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن بولۇپ، مۆمىن جاھالەتكە ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ. ئۇلار (مۇسۇلمانلار) جاھالەت كىشىلىرىنىڭ پەقەت ئەھمىيەتسىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا، مۇسۇلماننىڭ بولسا جان ـ پىدالىق بىلەن شەرەپلىك ئۆلۈمنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئاندىن جەننەتكە بارىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى نېمە دېگەن چوڭ ھە؟! ئۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان:

[كاپىرلارنىڭ (پۇل ـ مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن.بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك! پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇيەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر] سۈرە ئال ئىمران 196- تىن 198- ئايەتكىچە.

جەمئىيەتتە راۋاجلىنىپ قالغان ئەقىدە، ئىدىيە، ئاڭ، قىممەت قارىشى، ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۆمىننىڭ ئىمانى، دۇنيا قارىشى، قىممەت ئۆلچىمى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ ـ قارشى، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ غالىبلىق تۇيغۇسى باشتىن ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە. ئەمما باشقا ئەقىدىدىكى كىشىلەر پەسكەش مەيداندا پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ مۆمىن يىراقنى كۆرەرلىك، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، غۇرۇر، پەخىر، مۇۋەپپىقىيەت ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇلارنى بەختكە يېتەكلەش، ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ ئالىي پەللىگە يۈكسەلدۈرۈش ئىستىكى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

باتىل نالە قىلماقتا، جان تالاشماقتا، يالغان نىقابلانماقتا، ساختا كۈچ بىلەن ئۆزىنىڭ رەزىل قىياپىتىنى، ئىپلاس ماھىيىتىنى يۆگەشكە ئۇرۇنماقتا. مۆمىن بولسا ھەقىقى تۈردە باتىلنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقى ۋە باتىل تەرىپىدىن ئازدۇرۇلغان كىشىلەرنى ئوبدان كۆرۈۋالدى، شۇنداق قىلىپ مۆمىن قايغۇرمىدى. ھەم مەيۈسلەنمىدى. بوشاشمىدى، ئۇ مۇستەھكەم قەدەم بىلەن ئۆزى ئىشەنگەن يولدا ئالغا ئىلگىرلىمەكتە. ئۇنىڭ غەپلەتتىكى ئازغان قايمۇقتۇرۇلغان كىشىلەرنى توغرا يولغا قايتۇرۇشتىكى ئۇتتەك قىزغىنلىق ئارزۇس قىلچىمۇ ئاجىزلىمىدى، ھەم مەڭگۈ ئاجىزلىمايدۇ.

جەمئىيەت چىرىك، شەخسى ھەۋەسكە پېتىپ قالدى. يۈگەنسىز ھەۋەس، نومۇسسىز ئارزۇلار ئادەمنى جىنايەت پاتقىقىغا سۆرىدى، ئۇلار ئۆزىنى «ئاسارەت كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇق ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق» دەپ ھوزۇر سۈرىدۇ. بۇ خىل جەمئىيەت قانۇن پەقەت ئۆلۈك نىزام، «بارلىق قانۇنغا تاقاشمايدىغان نەپس ـ خاھىشى، بەھرىمەن بولۇشلار مۇۋاپىق ھەم قانۇنلۇق» دېيىلگەن. كىشىلەر نىجىس پاتقاققا پېتىپ قالدى. بىر مۆمىن ئومۇمىيلىقتا قارىغاندا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاشۇ جىنايەت گىردابىغا تىقىلىپ قالغان كىشىلەرگە دىققەت بىلەن قارىغىنىدا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىدۇ، مەيۈسلەنمەيدۇ، قايغۇرمايدۇ، ئۇ تېتىغان ئىماننىڭ لەززىتى ۋە ئەقىدىسىنىڭ شېرىن تەمى ئۇنى ھەممىدىن غالىب قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھىيىتى قايمۇقمايدۇ. ئاپئاق، پاكىز كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ ئىپلاس، رەزىل پاتقاققا كىرمەيدۇ.

بىر دىننى، گۈزەل ئەخلاقنى، ئالىيجاناپ قىممەتنى، گۈزەل ئىنتىلىشلەرنى، شۇنىڭدەك بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى تاشلىۋەتكەن جەمئىيەتتە، بىر مۆمىننىڭ ئۆز دىنىدا چىڭ تۇرۇشى خۇددى ئالقاندا چوغ تۇتقىنىدەك بىر ئىش، ئىمانسىزلار ئۇنىڭ مەۋقەسىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيە ئىڭىنى پەس كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىممەت قارىشىنى مازاق قىلىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئومۇمىيلىقنى كۆرگەن، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بۇلارغا مۇئامىلە قىلغىنىدا يەنە نېمە ئۇلارنى مەيۈسلەندۈرۈپ روھىنى چۈشۈرەلەيدۇ. خۇددى شەرەپلىك قەدىمى ئىمان سەھىپىسىدە ۋە مىسلىسىز ئۇزۇن يولدا مېڭىپ ئىلگىرىلىگەن ئۇلۇغ بوۋىمىز نوھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقىنىدەك ئۇ مۇنداق جاكارلىغان: [ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز] سۈرە نوھ 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇ ئاللاھنىڭ ئايىتىدىن نۇرلۇق سەپتىكىلەرنىڭ ھەقىقى مىۋىسىنى، نومۇسسىزلارنىڭ رەزىل ئاقىۋىتىنى كۆرۈۋالدى.

[كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى. (مۆمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى. ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەزە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى. مۆمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى. ئۇلار مۆمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق. بۈگۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) مۆمىنلەر كاپىرلاردىن كۈلىدۇ. (كاپىرلار)نىڭ ھالىغا (ئىبىل) تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەزەر تاشلايدۇ. (كاپىرلار مۆمىنلەرنى) مەسخىرە قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتىمۇ؟] سۈرە مۇتەففىفىين 29-تىن 36- ئايەتكىچە.

ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرى بىر ئىمانسىزنىڭ بىر مۆمىنگە قويغان سوئالىنى بايان قىلدى:

[ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟» دېدى.] سۈرە مەريەم 73- ئايەت.

قايسى گۇرۇھ؟ ئۆزىنى ھۆرمەتلىك، چوڭ ساناپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئاللاھ ئۇنى خاتىرجەم قىلسۇن) پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان گۇرۇھمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان نامرات گۇرۇھمۇ؟ زادى قايسى گۇرۇھ؟ نەزىر ئىبنى ھارىر، ئەمىر ئىبنى ھىشام، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، ھىلاللارمۇ ياكى بىلال، ئەممار، خەبباب، سۇھەيللارمۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارقاتقىنى ئەجەب بەخت سىگنال ئەمەسمىدى؟ ئەجىبا ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھېلىقى قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ھوقۇق ـ تەسىرى يوق بىر ئاددىي ئۆي ھويلىسىغا يىغىلىپ ئولتۇرىدىغان مۆمىنلەر ئەمەسمىدى؟ قارشى تۇرغۇچىلار ھېلىقى مۆتىۋەر، ئابرويلۇق، ھوقۇقلۇق، ھەشەمەتلىك ئولتۇرۇشلاردىكى ھېلىقى ئاقسۆڭەكلەر ئەمەسمۇ؟

مانا بۇ دۇنيانىڭ لوگىكىسى (ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى) ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئالىي كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ لوگىكىسى، مۆمىننى ساختىلىقنىڭ پەدازلىرىدىن، بىخوتلۇق ئاملىدىن، ھۆكۈمراننىڭ تەرسالىقىدىن، پادىشاھنىڭ قوللىشىدىن، ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ چاقىرىقىدىن، ھېسسىياتنىڭ مايىللىقىدىن قۇتۇلدۇرىدىغىنى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدۇر.

ئىمان پەقەت كۈرەش، قىيىنچىلىق، جىھاد ۋە ئۆزىنى ئاتىۋېتىش... قاتارلىقلاردۇر. ئۇنداق بولغاندا ئىماننى سۆيگۈچىلەر باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ! ئۇنىڭ ئىچكى قەلبىدىكى مۇستەھكەم، قىزغىن ئىمان پەقەت بىردىنبىر مەقسەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتۇركى ھەرگىزم كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ياكى كىشىلەر تۈزۈپ چىققان قىممەت قارىشىمۇ ياكى دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنتىلىش ئەمەس! ئۇندقتا مەنپەئەت ھەم ھەشەمەت قوغلاشقۇچىلار، شان ـ شەرەپ ۋە ساختىلىقلارغا ئىنتىلگۈچىلەر، پۇل، دۇنيا ھەم ماددى مەنپەئەتكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئاللاھنى نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزگۈچىلەرنى بۇ خىل غالىب ئەقىدىدىن خالىي قىلىشقا رۇخسەت قىلايلى!

ئېنىقكى مۆمىنلەر دۇنيادىكى ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشىنى، ئىدىيە ئېڭىنى ھەم ئۆلچىمىنى تاللىمايدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ باھاسىدىن تەسەللى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلار پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھتىن ھەممىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ خەۋەرلىرى ئۇلارنى قانائەتلەندۈرىدۇ. ئۇلارغا ھەممىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەپىس خاھىشىدىن يۇقىرىقىلارغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن ئۇلار نەپىس خاھىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە ئۇلار پەقەت ئاشۇ ئۆزگەرمەس ئۇ يول تاشتەك تەۋرەنمەس، ئۆزگەرمەس مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمىدىن ھەممىگە ئېرىشىدۇ. بۇ چەكلىك، پات ئارىدا ھالاك بولىدىغان دۇنيادىن بۇنى ئىزدەپ تاپالمايدۇ. ئەكسىچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالەم مەۋجۇتىيىتىنىڭ مەنبەسىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۇرغۇپ چىقىدۇ. دەل ئۇ پۈتكۈل دۇنيانىڭ خوجىسى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى، مەۋجۇتلىقنىڭ مەنبەسى بىلەن باغلانغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ روھى نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ كەتسۇن؟ ئۇلارنىڭ قەلبى نېمىشقا ئازابلانسۇن؟

ئۇ ھەقىقەتەن ھەقىقەتنى ھىمايە قىلىدۇ... ئۇنداقتا ھەقىقەت ۋە ئازغۇنلۇقتىن باشقا يەنە نېمە بار؟ ئازغۇنلۇق: ئۇ ھوقۇقلارنى ئىگىلىسۇن، پۇل، ماللارغا ئىگە بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەم ھىمايە قىلغۇچىلىرىنى قوغدىسۇن، بىراق ئۇلار ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ھەقىقەت ھەقىقەتنى ھىماي قىلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئارقىسىدىكى پەقەت ئازغۇنلۇق، مۆمىنلەر پەقەت ھەقىقەتنى تاشلاپ ئازغۇنلۇقنى تاللىمايدۇ. مەيلى ۋەزىيەت قانچىلىك قاتمال، شارائىت جاپالىق بولسۇن پەقەت مۆمىنلا بولىدىكەن ھەرگىز ھەقىقەتنى تاشلاپ ئازغۇنلۇقنى تاللىمايدۇ. (ئەگەشمەيدۇ)

ھەقىقەتچىلىرىنىڭ شۇئارى:

[پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ] سۈرە ئال ئىمران 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.

## يول بۇ يەردە

[بۇرۇجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن، قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى. ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىشۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ،

ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر. ئاللاھ (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاھ (مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر. ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر. خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

(ئى مۇھەممەد!) سەن لەشكەرلەرنىڭ ــ پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ قىسسىسىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟. (قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاشۇ كاپىرلارغا نازىل بولغان ئازابتىن ئىبرەت ئالماي) داۋاملىق ئىنكار قىلىشىۋاتىدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. بەلكى (ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە) لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.] سۈرە بۇرۇج 1-تىن 22- ئايەتكىچە.

ئورەك كولىغۇچىلار قىسسىسى دەل قۇرئاندىكى سۈرە «بۇرۇج» دا بايان قىلىنغاندەك ھەقىقەتەن ھەرقايسى جايلاردىكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلىرىنىڭ بىلىشىگە تېگىشلىك بىر ھەقىقەتتۇر. قۇرئاندا بۇ بىر قىسسىنىڭ تەرتىپلىك، سۆزمۇ سۆز بايان قىلىنىشىنىڭ ئۆزىلا بىر ئۇزۇن يول ئىپادىلىگەن. ئىسلام تەشۋىقاتىنىڭ ماھىيىتى كىشىلەرگە بۇ تەشۋىقاتتىكى رولىنى ھەم بۇ كەڭرى مەيداندا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئىشلارنى تەسۋىرلەپ بەرگەن، بۇ مەيدان پۈتكۈل زېمىندىن كەڭرى، پۈتكۈل ئالىمى تۇرمۇشتىن چوڭقۇر بولۇپ ئۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى، ئاللاھنىڭ چەكسىز ئەقىل ـ پاراستىنى، ئىچىگە يوشۇرۇنغان ھەر بىر خىل ئېھتىماللىقلارنى قارشى ئېلىش بىلەن قوراللاندۇردى. ئۇ بىر گويا مۆمىنلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىسسە بولۇپ، ئۇلار ئاللاھقا بولغان ئېتىقادنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ئوچۇق جاكارلىغان، ئارقىدىنلا ئۇلار، دۈشمەنلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ئۇ دۈشمەنلەر، تەلۋىلەر توختاپ قالماستىن زومىگەرلىك قىلىشىپ، زورلۇق بىلەن ئەركىن ھالدا ھەقىقەتكە ھەم ھەممىگە قادىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشتەك كىشىلىك ھوقۇقنى تارتىۋالدى. ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلدى. ھەم مۇسۇلمانلار ئۇچرىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تاماشا قىلدى. ھەم ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئويۇن ئورنىدا كۆردى. بۇ قەلبلەر (مۆمىنلەرنىڭ قەلبى) ئىمان بىلەن زىيانكەشلىك ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئىمان بىلەن ھاياتلىقنى بويسۇندۇردى. ۋەھشى ياۋۇزلارنىڭ ئوت ۋە ئۆلۈم تەھدىتى ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى تاكى ئۆلۈپ كۈل بولغۇچە تاشلىمىدى. بۇ قەلبلەر ھاياتنىڭ ئۇلارنى قۇل قىلىۋېتىشىدىن قۇتۇلغان، ياشاشقا بولغان مۇھەببەت كۆز ئالدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىلىگە قاراپ تۇرغاندا ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدى. بۇ قەلبلەر بۇ دۇنيانىڭ كىشەنلىرى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىدىن قۇتۇلغان، ئىمان بىلەن ھاياتلىقنى بويسۇندۇرۇپ ھەممىدىن غالىب كەلگەن.

بۇ ئالىيجاناپ پاك قەلبلەرگە يۈزلىنىپ تۇرىدىغىنى دەل ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان، قىلمىغان رەزىللىكى قالمىغان لەنەتكەردە ۋەھشىيلىكتۇر، بۇ ۋەھشىلىك ئىگىلىرى ئوت ئۆرىكى ئەتراپىدا

ئۇلتۇرۇپ، مۆمىنلەرنىڭ قانداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، لاۋۇلداۋاتقان ئوتنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قانداق يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلماقتا، ئىززەت - ھۆرمەتلىك كىشىلەر تونۇنگە ئايلىنىپ كەتمەكتە. بىراق ئۇ ياۋۇزلار بۇ خىل ئېچىنىشلىق مەنزىرىدىن زوقلانماقتا. ھەر قېتىم بىر يىگىت ياكى بىر قىز، بىر ئايال ياكى بىر موماي، بىر بالا ياكى بىر بوۋاي... نى ئوتقا تاشلىغان ۋاقتتا ۋەھشىلەرنىڭ ياۋايىلارچە ئەسەبىي خوشاللىقى چېكىگە يېتىپ غالجىرلاشقان ئەسەبىيلىكى بىلەن قان ۋە بارلىق ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ ئوتتا كۆيگىنىنى كۆرۈپ خوشاللانماقتا.

مانا بۇ ئاشۇ ۋەھشىلەرنىڭ ئىنسانلىقىنى يوقىتىپ ئەڭ رەزىل ھالغا چۈشۈپ قالغاندا قىلغان ئەڭ نومۇسسىز ئىشلىرىدۇر. ئۇلار قورقۇنچلۇق جازا مەيدانلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى قىلىۋالدى. ھەتتا ھايۋانلارمۇ مۇنداق نومۇسسىز ھالغا چۈشۈپ قالمىغان. چۈنكى ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆز ئۇۋلىشى قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈنكى ھەرگىزمۇ ئۇنداق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوۋلانغان ھايۋانلارنىڭ ئازابىنى تاماشا قىلىش ئەمەس. ئاشۇ خىل ئازابلارنى چەككەن مۆمىننىڭ روھى ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكى، كىشىلەردىن قۇتۇلۇپ ئالىي پەللىگە يۈكسەلگەن ۋەقەلەرمۇ خاتىرلەنگەن. بۇ ۋەقەنى ھەقىقەتەنمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى دەۋر ھەرقايسى زاماندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئادىمىلىك شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەرگەنلىك دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

زېمىن ئاھالىسىنىڭ قارىشىدا كۈپرى ئىمان ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندەك كۆرىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا روھى ئۈستۈن، ئەقىدىسى مۇستەھكەم بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئاشۇنداق ئالىي دەرىجىگە يەتكەن بۇ ئىماننىڭ، ئىمان بىلەن كۇپرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۈرەشتىكى قىممىتىنى ئۆلچىگىلى ۋە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى ئاشۇ ئاسىيلارنى قەبىھ جىنايىتى سەۋەبىدىن جازالىغانلىقى توغرىسىدىكى قۇرئان ئايەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمىغاندەك، بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ نوھ، سالىھ، شۇئەيب، لۇت ( ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇلارغا بولسۇن) قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋمىنى جازالىغاندەك، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق جازالىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ.

زېمىن ئاھالىسىنىڭ قارىشىدا بۇ بەك ئېچىنارلىق خاتىمىدۇر.

ئىش مۇشۇنداق ئاخىرلىشامدۇ؟ ... ئىماننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن مۆمىنلەر پاجىئەلىك دەرت - ئەلەملىك ئوت ئازگاللىرىدا قېلىپ، ۋەھشىيلىكتە ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ياۋۇز دۈشمەنلەر قۇتۇلۇپ قالامدۇ؟

يەر شارى ئاھالىسىنىڭ قەلبىگە بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە ئالدىدا بىر قورقۇنچ چۈشىدۇ. لېكىن قۇرئان مۆمىنلەرگە باشقا بىر نەرسىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلارغا باشقا بىر ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلارغا ئۆزلىرى ئۇنى ئۆلچەم قىلغان قىممەت قارىشىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتايدىغان كۈرەش مەيدانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئۆلچىمىدىكى چوڭ قىممەت ئەقىدە قىممىتىدۇر. ئاللاھنىڭ بازىرىدىكى ئەڭ ئېسىل تاۋار ئىماندۇر. ئەڭ يۈكسەك غەلىبە روھنىڭ ماددا ئۈستىدىن، ئەقىدىنىڭ دەرت - ئەلەم ئۈستىدىن، ئىماننىڭ زۇلۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدۇر. بۇ ۋەقەدە مۆمىنلەرنىڭ روھلىرى قورقۇنچ ۋە دەرت - ئەلەم ئۈستىدىن، زېمىن ۋە ھاياتلىق چىرىندىلىرى ئۈستىدىن ھەمدە زۇلۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مانا بۇ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىنسانىيەتكە شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغان ھەقىقى غەلىبىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ھەرخىل ئوخشىمىغان سەۋەبلەر بىلەن ئۆلىدۇ. لېكىن ھېچقايسىسى بۇنداق يۇقىرىقىدەك غەلىبە، ئۈستۈنلۈك ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۈستۈنكى ئالەمگە بۇنداق پەرۋاز قىلالمايدۇ. چوقۇم ئاللاھ ئۆزىنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ باتۇرانە قۇربان بولۇش روھىنى باشقا ئىنسانلارنىڭ ئەگىشىشىگە ئۈلگە قىلدى. ئاللاھ تاللىغان بۇ كىشىلەر ئىنسانلار دۇنياسىدىلا ئەمەس، ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرى بولغان پەرىشتىلەر ئېرىشەلمىگەن ئۇلۇغلۇق ۋە شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى.

ئۇنداقتا، بۇندىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ئۆلچىمى تۈزۈلۈپ قالغان بولىدۇ.

مۆمىنلەر ئۆزىنىڭ ئىماندىن ئايرىلىشقا رازى بولغان بولسا ھاياتىنى چوقۇم ساقلاپ قالالايتتى. لېكىن ئۇلار بۇ دۇنيادا ئىماندىن ئايرىلىپ ياشاپ، ئۆزلىرىنى ئالداشنى، ئاخىرەتتە ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇلار توغرا ئەقىدىدىن ئايرىلغان ھاياتقا قىزىقمايتتى. مۇنداق ئەقىدىسىز ھاياتنىڭ ھەقىقى بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر دىن دۈشمەنلىرى تەنلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ روھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلى قالسا مۆمىنلەر ئۆزىنىڭ ۋە ساپ ئەقىدىسىنىڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىغا ۋە مەڭگۈ بەختسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ھەقىقەتەن كۈرەش مەيدانى يالغۇز بۇ زېمىندىلا ئەمەس، ھەقىقى ھاياتلىق بۇ دۇنيادىلا ئەمەس. جەڭگە قاتناشقۇچىلار ھەرقايسى دەۋردىكى ئىنسانلار ئەمەس، بەلكى ئۈستۈنكى ئالەمدىكى ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرىمۇ زېمىندا بولغان ۋەقەلەرگە قاتنىشىپ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە ئۇ ۋەقەلەرنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يەر شارى ئاھالىسىنىڭ ئۆلچىمىدىن باشقا بولغان ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەيدۇ.

جەڭگە قاتنىشىپ شېھىت بولغۇچىلارنىڭ جەسىتى زېمىنغا دەپنە قىلىنغاندەك، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار روھلىرىمۇ پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئۈستۈنكى ئالەمگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلىدۇ... شەكسىزكى ئۈستۈنكى ئالەمدىكى پەرىشتىلەرنىڭ مەدھىيە - سانالىرى ۋە ھۆرمەتلىشى، زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ ئالقىش - سادالىرى ۋە تەقدىرلىشىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ۋە زور بولىدۇ.

دۇنيا ھاياتىنىڭ كەينىدە ئاخىرەت ئالىمى بولۇپ، ئۇ زېمىن مەيدانى ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان ئاساسلىق مەيداندۇر. مۆمىنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا دۇنيا ھاياتى، ئاخىرەت

ھاياتىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا مۆمىنلەر دۇنيادا قىلغان ئىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ.

دېمەك: كۆرەش تېخى ئاخىرلاشمىدى. ئۇنىڭغا تېخى ھەقىقى خاتىمە بېرىلمىدى. بۇ كۆرەشتە كىملەرنىڭ غەلىبە قىلىپ، كىملەرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ دۇنيادا ئېرىشكەن پايدا ـ زىيانلىرىغا قاراپ ھۆكۈم چىقارغاندا ھەقىقى توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن (ھاياتلىق تېخى ئاخىرلاشمىغانلىقى ئۈچۈن) ئاخىرەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇكاپاتى ياكى جازاغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك.

بۇ ئورۇندا ئىككى خىل كۆز ـ قاراش بولۇپ، بىرىنچى: ئالدىراڭغۇ ئىنساننى تىزگىنلىۋالىدىغان ئىنسان ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتنىلا كۆرىدىغان ئاددى تار دائىرىلىك كۆز ـ قاراشتۇر. ئىككىنچىسى: قۇرئان ھۆكۈمگە لايىق ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كەڭ دائىرىلىك چوڭقۇر مەنىلىك كۆز ـ قاراشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئىمان كەلتۈرۈپ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان، قىيىنچىلىق ۋە بالالارغا سەۋرى قىلغان ھەمدە ھەر زۇلۇملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان مۆمىنلەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن بىر قانچە ۋەدىلەرنى قىلدى.

1. روھى خاتىرجەملىك:

[(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.] سۈرە رەئىد 28- ئايەت.

2. ئاللاھنىڭ دوستلىقى ۋە رازىلىقىغا ئېرىششى:

[ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ.] سۈرە مەريەم 96- ئايەت.

3. پەرىشتىلەر ئارىسىدا ئەسلىنىشى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئۆلۈپ قالسا ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: سىلەر بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھەئە» دەيدۇ. ئۇلار: «ئۇنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ. ئاللاھ: «بەندەم نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار «ساڭا مەدھىيە ئېيتتى» ۋە «بىز ئاللاھ تەرەپتىن كەلدۇق، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىڭلار، ئۇنى «مەدھى ئۆي» دەپ ئاتاڭلار» دەيدۇ. (تىرمىزى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەندەم خىيالىدادۇرمەن، بەندەم مېنى ئەسلىگەن چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، بەدەم مېنى يالغۇز تۇرۇپ ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى يالغۇز تۇرۇپ ئەسلەيمەن. ئەگەر ئۇ مېنى جامائەت ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر جامائەت ئىچىدە ئەسلەيمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ

يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرەپ بارىمەن». (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

4. پەرىشتىلەرنىڭ زېمىندىكى مۆمىنلەرنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى:

[ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.] سۈرە غافىر 7- ئايەت.

5. شېھىتلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغانلىقى:

[ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) .

ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلنى، مۆمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ] سۈرە ئال ئىمران 169-تىن 171-ئايەتكىچە.

شۇنىڭدەك ئاللاھ ئۆزىنىڭ قانۇنىنى ئىنكار قىلغان، ئاسى - گۇناھكارلارغا زېمىندا ۋاقىتچىلىك ياشاش پۇرستى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرەتتە قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى تەكرار - تەكرار ۋەدە قىلدى. گەرچە بەزى كاپىرلار دۇنيادا كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىنىشى ئۈچۈن جازالانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىق جازا مەركىزى يەنىلا ئاخىرەت ئالىمىدۇر.

[كاپىرلارنىڭ (پۇل - مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!] سۈرە ئال ئىمران 196 - 197 - ئايەتلەر.

[زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل - ئىدراكتىن) خالى بولۇپ قالىدۇ] سۈرە ئىبراھىم 42 – 43 - ئايەتلەر.

[(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنى قويۇۋەتكىن، تاكى ئۇلار ۋەدە قىلىنغان كۈنگە مۇلاقات بولغانغا قەدەر (باتىلغا) چۆمسۇن، (دۇنياسىدا) ئوينىسۇن. ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ

قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ. ئۇلار (اللەدىن ئۈمىلىپ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر] سۈرە مائارىج 42- تىن 44- ئايەتكىچە.

ئىنسانلار ھاياتى ئاخىرەت ھاياتى بىلەن مۇشۇنداق باغلاندى. زېمىن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەقىقەت بىلەن باتىل، ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئەمەلىي كۈرەش مەيدانىدۇر. بۇ دۇنيا ھاياتلىقىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ئەمەس. ئالدىمىزدا مەڭگۈلۈك بىر ھاياتلىق مەۋجۇت.

شۇنىڭدەك بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق ۋە ھاياتلىقتىكى بارلىق شاد ـ خوراملىق، دەرت ئەلەم، ئېرىشىش ۋە مەھرۇم بولۇش قاتارلىقلار ئاخىرەتتە ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىزلىكىنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى ئەمەس.

بۇ ئورۇندا ئورەك ئىگىلىرى قىسسىسى، ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىشنىڭ خاراكتېرىنى، ۋە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ قانداق ئېھتىماللىق ئالدىدىكى مەيدانىنى ئوچۇق يورۇتۇپ بەرگەن.

قۇرئان تەربىيىسى تۇنجى دەۋردە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئىلغار بىر تۈركۈم كىشلەرنى مۇشۇنداق يۇقىرى دەرىجىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا بېرىلىشتىن قۇتقۇزدى. نەتىجىدە ئۇلار ھەرقانداق ۋەزىيەت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە رازى بولىدىغان، ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى سادىق چاكارلىرى بولۇپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تەربىيىسى قۇرئاننىڭ كۆرسەتملىرى بىلەن ماس قەدەمدە بىللە ئېلىپ بېرىلاتتى. قەلب ۋە نەزەرلەرنى جەننەت تەرەپكە قارىتاتتى. شۇنىڭدەك ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا سەۋرى قىلىشقا يۈزلەندۈرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەككىدىكى دەۋرىدە ئەممار، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئەممارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سەۋرى قىلىڭلار! ئاللاھ سىلەرگە جەننەتنى ۋەدە قىلدى» دېگەندىن باشقا ئارتۇق گەپ قىلمىغانىدى.

خەبباب ئىبنى ئەرەت (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا دەرت تۆكۈپ كەلدۇق. رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. بىز ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ بىزگە ياردەم بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلمامسەن؟ دېدۇق. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشلەر ئىچىدە بىر ئادەم تۇتۇلۇپ 4 ئورىغا تاشلىناتتى، ئاندىن بېشى ھەرە بىلەن ئىككى پارچە قىلىناتتى. بەدەنلىرى تۆمۈر تارغاق بىلەن تارىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى دىنىدىن قايتۇرلمايتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ بۇ دىننى تولۇقلايدۇ. ئۇ چاغدا يولۇچى سەنئادىن ھەزىر مەۋتغىچە ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسىدىن قورقماي خاتىرجەم ماڭالايدۇ. كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلالمايدۇ. لېكىن ئالدىراۋاتىسلەر». (بۇخارى رىۋايىتى)

چوقۇمكى ھەرقانداق ۋەزىيەت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىدە ئاللاھنىڭ ھىكمىتى بار. بۇ كائىناتنى ئىشلىرىنى پىلانلىغۇچى، ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئېنىق بىلگۈچى، ئۇنىڭ ھادىسە

- ۋەقەلىرىنى تەگپۇگلاشتۇرغۇچى ئاللاھ ئۇزۇن مۇساپە يۆلىنىشىدە ئۆز ئىرادىسى بىلەن بىرلىشىدىغان، غەيبى ئالەمدىكى يوشۇرۇن ھىكمەتنى بىلىدۇ.

بەزىدە بىر دەۋردە ياشىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ھىكمىتىنى بىلەلمىگەن ھادىسە ۋە ۋەقەلەرنىڭ سىرلىرى بىر قانچە دەۋر ياكى ئەسىرلەردىن كېيىن ئېچىلىدۇ. بەلكى كىشىلەر بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنداق سوئال سوراش مۆمىن ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ (مۆمىن) ئىشىنىڭ دەسلىپىدىلا ھەرقانداق تەقدىرنىڭ ئارقىسىدا بىر ھىكمەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە ۋاقىت، ئورۇن، قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەم دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكى ئۇنىڭغا بۇنداق سوئاللار توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. نەتىجىدە ئۇ مۆمىن تەقدىرنىڭ دەۋرى قىلىشىغا ئەگىشىپ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ماڭىدۇ.

ھەقىقەتەن قۇرئان ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان قەلب ئىگىلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ قەلب ئىگىلىرى بارلىقىنى بېغىشلىيالايدىغان، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، بۇ زېمىندىكى ھېچقانداق نەرسىنى كۆزلىمەيدىغان، ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتتىن باشقىغا قارىمايدىغان، ئاللاھ رىزالىقىدىن باشقىنى ئۈمىت قىلمايدىغان تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

شۇنىڭدەك ئۇ قۇرئان جاپا تەشۋىقات مۇشەققەتلەرنى چەكمىسىمۇ، ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ھەتتا ئۆلۈمگە دۇچ كەلسىمۇ، زېمىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تەييار تۇرىدىغان قەلب ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار زېمىندىكى ئاددىي مۇكاپاتنى كۆزلىمەيدۇ. گەرچە بۇ مۇكاپات دەۋەتنىڭ غەلىبىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇ مۇكاپات زالىملارنىڭ ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ھالاك قىلىنىشى بولسىمۇ!...

زېمىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش يولىدا ئۆزى ئۈچۈن ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان، ئاخىرەتنى كۈتۈشتىن باشقا ھېچقانداق مۇكاپاتنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدىغان قەلب ئىگىلىرى مەيدانغا كەلگەن ۋە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ۋەدىسىدىكى نىيىتىنىڭ راستچىللىقىنى بىلگەن چاغدا ئۇلارغا زېمىندا غەلبە كېلىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئىسلامى پىرىنسىپنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن زېمىندا ۋەكالەتچى قىلىدۇ. بۇلار دۇنيادا زېمىندىكى غەنىمەتلەرنى كۈتمىگەن، ئاللاھ رازىلىقىدىن باشقا مۇكاپاتنى ئويلىمىغان ۋە ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولغان كۈندىن باشلاپ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ۋەكالەتچىلىرى بولالايدۇ.

غەلبە، غەنىمەت، ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرنىڭ قولى بىلەن جازالىنىشى توغرىسىدىكى ئايەتلەر مەدىنىدە نازىل بولدى. مۆمىنلەر مەككىدىكى چېغىدا بۇ ئىشلار (غەلبە، غەنىمەت ۋە مۇشرىكلارنىڭ جازالىنىشى) مۆمىنىنىڭ پروگراممىسى ۋە ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنىڭ سىرتىدا ئىدى. كېيىن بىردىنلا غەلبە كەلدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بۇ ئىلاھى پىرىنسىپنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدا ئەمەلىيىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئەمەلىيەت ئۇ ئىلاھى پىرىنسىپنى كەلگۈسىدىكى، ئەۋلادلار كۆرىدىغان بەلگىلىك كۆرۈنۈشتە مۇقەررەلەشتۈرىدۇ. ئۇ غەلبە مۆمىنلەرنىڭ جاپا -

مۇشەققەت، دەرت ئەلىمى ۋە پىداكارلىقى بەدىلىدە كەلمەستىن بەلكى ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان.

تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ھەرقايسى دەۋر ۋە ھەرقايسى جايدىكى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرغۇچىلار يۇقىرىقى ئايەت ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى چوڭقۇر ئويلاپ بېقىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ (ئايەت ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى) ئۇلارغا يول بەلگىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋە بۇ يولنى ئاخىرى قانداق بولۇشتىن قەتئىنەزەر، ئۇنىڭ ئاخىرىغىچە مېڭىشنى ئىرادە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئاندىن ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ دەۋىتى ئۈچۈن ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئىشلار بولىدۇ. ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قان ـ تەر بىلەن ئورالغان جاپالىق يول ئارلىقلىرىدا غەلىبىسگە ياكى بۇ زېمىندا ھەق بىلىن باتىلنىڭ ئايرىلىشىغا قارىمايدۇ. لېكىن ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنى ۋە دەۋىتىنىڭ غەلىبىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى خالىسا، غەلىبىنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ دەرت ـ ئەلەم ۋە پىداكارلىقنىڭ مۇكاپاتى ئەمەس. ھەقىقەتەن شۇنداق ئەمەس... چۈنكى زېمىن مۇكاپاتى مەيدانى ئەمەس. بۇ غەلبە بولسا ئاللاھنىڭ دەۋىتى ۋە پىرىنسىپىدىكى تەقدىرىنىڭ ئۆزى تاللىغان كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقتۇر.

بۇ ھاياتلىق ۋە زېمىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر ھەقىقەت بار.

«ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت ھەممىدىن غالىب، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا ئازابلىدى.

بۇ ھەقىقەتنى ھەرقايسى دەۋر ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك.

ھەقىقەتەن مۆمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئارىسىدىكى كۈرەش چىن مەنىدىن ئېيتقاندا پەقەتلا ئەقىدە كۈرىشىدۇر. مۆمىنلەر ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلاردىن ئۆچ ئالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە قارشى تۇرىدۇ

كېيىپ ئېيتىش كېرەككى، مۆمىنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ھەرگىزمۇ سىياسىي، ياكى ئىقتىسادىي كۈرەش ۋە ياكى مىللى كۈرەش ئەمەس، بەلكى ئەقىدە كۈرىشى، يەنى كۇفرى بىلەن ئىمان، جاھالەت بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر.

مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقىدە كۈرىشىنى توختىتىپ ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشسا، ئۇنىڭغا ئىقتىساد بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار كۈتكەندەك جاۋاب بەرگەن بولسا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېچقانداق كۈرەش مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

ھەقىقەتەن ئۇ ئەقىدە مەسىلىسى ۋە ئەقىدە كۈرىشى... مۆمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ قانداق بىر دۈشمىنىگە قارشى تۇرغان چېغىدا بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭلىششى كېرەك. چۈنكى

دۈشمەنلەر مۆمىنلەرنى پەقەت ئەقىدىسى ئۈچۈن، يەنى ھەممىدىن غالىب، مەدھىيگە لايىق بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدۇ.

دىن دۈشمەنلىرى مۆمىنلەرنى كۈرەش ھەقىقىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى ئەقىدە مەسىلىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۈرىشىگە ئەقىدە بايرىقىدىن باشقا قانداقتۇر بىر ئىقتىسادىي، ياكى سىياسىي ۋە ياكى مىللىي بايراقنى تىكلەپ بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ. مۆمىنلەر بۇنىڭغا ئالدانماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يامان غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ ئالدامچىلىقنى بىلىش كېرەك. يەنە شۇنىمۇ بىلىشى كېرەككى ئۇلارنىڭ كۈرەش بايرىقىنى ئۆزگەرتىشتىكى مەقستى مۆمىنلەر ھەقىقى ياردەم قورالى يەنى ئۇرەك ئىگىلىرى قىسسىسدە بايان قىلىنغان مۆمىنلەرگە روھىي ئەركىنلىك شەكلىدىكى ياردەمدىن ياكى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردىكى روھىي ئەركىنلىكتىن كېلىپ چىققان ئەمەلىي ياردەمدىن ئايرىۋېتىشتۇر. بۈگۈن ئىنتېرناسىئونالىزىملىق قىزىل كىرىست جەمئىيىتى، بىزنى ئېتىقاد كۆرۈشىنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تارىخنى بۇرمىلاپ ئەينى دەۋردىكى ئەھلى سەلىب ئۇرۇشلىرى دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جاھانگىر كۈرىشى ئىدى دەپ دەۋا قىلىۋاتقانلىقى، بۇلارنىڭ ئەقىدە كۈرەش بايرىقىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولالايدۇ. بۇ ھەقىقى تارىخ ئەمەس. بەلكى جاھانگىرلىك كۈرىشى ئەھلى سەلىبلەرنىڭ ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشنىڭ چۈمپەردىسى ئىدى. ئۇلار بۇ ياۋۇز نىيىتىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئوچۇق - ئاشكارا مەيدانغا چىقىرالمىغان.

ئەھلى سەلىب ئۇرۇشلىرى ھەر مىللەتتىن تەشكىللەنگەن سەلاھىدىن كۇردى ۋە تۇران شاھ مەملۇكى قاتارلىق پۇلاتتەك مۇستەھكەم ئەقىدىگە ئىگە مۇسۇلمان قوماندانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەردە پاچاقلاپ تاشلاندى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئەقىدە ئاساسىدا تەشكىللەنگەن بولۇپ مىللەتچىلىكتىن پۈتۈنلەي خالى ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئەقىدە بايرىقى ئاستىدا غەلبە قىلدى.

«ئۇلار مۆمىنلەردىن پەقەت ھەممىدىن غالىب مەدھىيگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا ئۆچ ئالدى».

وبالله التوفيق